ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# كەنجى باتۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10804-6
9 787228 108046 >
定价:4.50元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# كەنجى باتۇر

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

雄儿：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
(维吾尔民间故事)
ISBN 978-7-228-10804-6

Ⅰ.雄… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006103号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**雄儿**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.625印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10804-6　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
## كەنجى باتۇر

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.625
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ــ 5000
ISBN 978-7-228-10804-6
باھاسى: 4.50 يۈەن



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت





## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر

## 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپەك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۈيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەممىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇسكەك پادىشاھ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | قاينا، چۆگۈن | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەقىللىق كەنجى قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ھەركىم قىلسا ئۆزىگە | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | يالتايغاق بوۋاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۈجمە سايىسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەپچىلەم | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئارغىماق ماجىراسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شىتىلە بىلەن پىتىلە | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مازاقخور مازاقتا ئۆلەر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | پادىشاھنىڭ كۈننى ئۆزارتىشى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇنىنى قورقۇتۇش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | قازان تۇۋى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھ بىلەن شاتۇتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، ـ 2، ـ 3، ـ 4، ـ 5 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، ـ 2 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، ـ 2 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، ـ 2، ـ 3 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، ـ 2 | | (ھەر بىرى 3.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى | | (3.50 يۈەن) |

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)

# مۇندەرىجە


تۇرمەك چاققان ........................................ 1
سەمەندەر .............................................. 22
كەنجى باتۇر ........................................... 39
سەنگۇسۇلا تاش ........................................ 63




# تۆرمەك چاققان

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، بىر دەريا بويىدا بىر تۇل موماي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ تۆرمەك چاققان دېگەن يالغۇز ئوغلى ۋە ئۈچ ئۆچكىسى بار ئىكەن. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۈچ ئۆچكىنى بېقىپ، ئۇنىڭ سۈتىنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا نان ـ پان، چاي ـ تۇز ئېلىپ جاھاندار-چىلىق قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆرمەك چاققان ئۆچكىلىرىنى بېقىپ يۈرسە، تاغ تەرەپتىن بىر كېيىك كېلىپ ئۆچكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئوتلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ كې-يىك شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئالتۇن، تۇيىقى كۈمۈش ئىكەن. كېيىك ئۆچكىلەر بىلەن كەچ كىرگۈچە ئوتلاپ، كەچتە تاغ تەرەپكە كېتىپتۇ، ئەتىسى يە-نە كېلىپ ئۆچكىلەر بىلەن ئوتلاپتۇ. تۆرمەك چاققان كەچ-تە ئۆيىگە بېرىپ، ئانىسىغا:

— بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، ئۆچكىلەرنىڭ ئارىسى-غا چىرايلىق بىر كېيىك قوشۇلۇپ ئوتلاپ يۈرىدۇ. ئەتە سالما سېلىپ تۇتۇۋېلىپ يۇرتىمىزنىڭ پادىشاھىغا سوۋغات

قىلسام، ئانچە ـ مۇنچە ئىنئام بېرەمدىكىن دەيمەن، ــ
دەپتىكەن، ئانىسى:
ــ ئۇنداق قىلما، كېيىكنىڭ ئۈچكىلەر ئارىسىدا
ئوتلاپ يۈرۈشى بىزگە ياخشىلىقتىن بېشارەت. بۇ كېيىكنى
پادىشاھقا سوۋغات قىلساڭ، ئۇ ئاچ كۆزدىن ھېچنېمە ئىنئـ
ئام ئالالمايسەن، تېخى ئۆزۈڭگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تېـ
پىۋالارسەنمىكىن، ــ دەپتۇ.
تۇرمەك چاققان كېيىكنى پادىشاھقا سوۋغات قىلىش
نىيىتىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، سالما بىلەن كېيىكنى تۇتۇۋاپـ
تۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە كېيىكنى يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ھوـ
زۇرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردا ئالدىغا كەلگەندە، ئوردىدىن
چىقىۋاتقان ئوڭ قول ۋەزىرگە يولۇقۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر
تۇغۇلۇپ كۆرۈپ باقمىغان بۇ كېيىكنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ
قاپتۇ ـ دە، بالىدىن:
ــ بۇ كېيىكنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ نەگە ئەكېتىۋاتىدـ
سەن؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، بالا:
ــ بۇنى چۆلدىن تۇتۇۋالدىم، پادىشاھقا سوۋغات قىلاي
دەپ ئەكېتىۋاتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر:
ــ بۇ كېيىكنى ماڭا بەرگىن، نېمە دېسەڭ بېرەي، ــ
دەپتۇ. بالا ئۇنىماپتۇ. ۋەزىر:
ــ ئۇنداق بولسا، كېيىكنى ئۆزۈم پادىشاھنىڭ ئالدىغا
ئەكىرەي، سېنىڭ تىلەك ـ مەقسىتىڭنى يەتكۈزەي، ــ
دەپتۇ. بالا:

— كېيىكنى ئۆزۈم تۇتقان، پادىشاھقا ئۆزۈم سوۋغات قىلاي، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بالىنى ئالداش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغاچقا، كۆڭلىدە، سېنىڭ بۇ كېيىكنى سوۋغات قىلىپ ئىنئام ئالغىنىڭنى كۆرەي، دەپتۇ.

بالا كېيىكنى يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئوردا ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەلەمچى - قەلەمچىلەر كېيىكنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىدىن:

— سەن بۇ كېيىكنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا بولغان ئەھۋالنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ، كېيىكنى پادىشاھقا سوۋغات قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى بايان



قىپتۇ. پادىشاھ بۇ بالىنى قانداق ئىنئام بىلەن رازى قى-
لىشنى ئويلاپ يېتەلمەپتۇ. شۇ ئارىدا ئۈلۈگ قول ۋەزىر:
— ئەي پادىشاھىئالەم، بۇنداق كېيىك يەر يۈزىدە كەم
ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىغا ئوبدان ئىنئام بېرىشكە
تېگىشلىك، ئەمما كېيىك ئالتۇن مۈڭگۈز، كۈمۈش تۇياق
ئىكەن، بۇنىڭغا بىر ئالتۇن تەخت لازىم. تەختنىڭ بىر
تەرىپى ئالتۇن، بىر تەرىپى كۈمۈش بولسا، كېيىك تەخت
ئۈستىدە سەكرەپ ئويناپ تۇرسا، كېيىكنىڭ تېخىمۇ پەي-
زىنى سۈرگەن بولاتتۇق. سىلى بۇ بالىغا ئېيتسىلا، دەرھال
ئالتۇن تەخت تېپىپ كەلسۇن، شۇ چاغدا تېخىمۇ ئوبدان
رازى قىلايلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۈلۈگ قول ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە بالىغا
دەرھال ئالتۇن تەخت تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بالا كې-
يىك ئۈچۈن ئىنئامنى ئالالماي، بېشى چۈشكەن ھالدا ئۆي-
گە قايتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— قانداق، بالام، كېيىكنى ئاپارمىغىن دېسەم ئۇنىمى-
دىڭ، ئىنئامنى بەرمەپتىغۇ؟ — دەپتۇ. بالا پادىشاھنىڭ
پەرمانىنى بايان قىپتۇ، ئانىسى بىرمۇنچە كايىپتۇ. كەچ
كىرىپتۇ، بالا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە
ساقىلى ئاقارغان، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، بەستلىك
بىر بوۋاي بالىغا: «ئەي ئوغلۇم، ئالتۇن تەخت تېپىش ئۈ-
چۈن، ئۆيۈڭدىن چىقىپ دەريا ياقىلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە
ئۈچ كۈن ماڭساڭ، قويۇق ئورمان ئۇچرايدۇ. ئورمان ئى-

چىدە يەنە ئۈچ كۈن ماڭساڭ، بىر قىرى توغراق تۈۋىدە بىر جۈپ بۇلاق بار يەرگە بارىسەن. بۇ ئىككى بۇلاقنىڭ بىرىدىن ئالتۇن، يەنە بىرىدىن كۈمۈش قايناپ چىقىپ تۇرىدۇ. سەن بۇ بۇلاقتىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ماڭساڭ، بىر قويۇق ئورماننىڭ ئارىسىدا ھۈنەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىر خارەت① ئۇستامنى كۆرىسەن. سەن ئۇيدىن بىر تىللا ئېلىۋالغىن، ھېلىقى خارەت ئۇستامغا بىر تىللانى بەرسەڭ، گەپ - سۆز قىلماي ساڭا ياغاچتىن بىر تەخت ياساپ بېرىدۇ. سەن تەختنى ئېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى بۇلاق تۈۋىگە كېلىسەن، ياغاچ تەختنىڭ بىر قانىتىنى ئالتۇن بۇلاققا، يەنە بىر قانىتىنى كۈمۈش بۇلاققا چىلىغىن، پادىشاھ سەندىن تەلەپ قىلغان ئالتۇن تەخت تەييار بولىدۇ. سەن تەختنى قۇچاقلاپ: «ياپىرىم» دەپ كۆزۈڭنى يۇمۇپ - ئاچساڭ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا بولىسەن» دەپتۇ.

تۇرمەك چاققان ئويغانسا، تاڭ سۈزۈلگەن چاغ ئىكەن. ئۇ دەرھال ئانىسىنى ئويغىتىپ، ئالدىراش ناشتا قىپتۇ ۋە ئانىسىدىن بىر تىللا ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى بوۋاي كۆرسەتكەن بويىچە دەريا ياقىلاپ بىر توغراقلىققا بېرىپتۇ. قىرى توغراق تۈۋىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بۇلاقتىن ئۆتۈپ، ھېلىقى خارەت ئۇستام بار جايغا

---

① خارەت ــ ياغاچچى.

بېرىپتۇ. بىر تىللانى بەرگەنىكەن، خارەت ئۇستام دەرھال بىر تەخت ياساپ بېرىپتۇ.

تۆرمەك چاقچان بۇ تەختنى ئېلىپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولاققا يېتىپ كەپتۇ. تەختنىڭ بىر قانىتىنى ئالتۇن بولاققا، بىر قانىتىنى كۈمۈش بولاققا چىلىغانىكەن، ئالتۇن تەخت تەييار بوپتۇ. كۆزىنى يۇمۇپ: «ياپىرىم» دەپ كۆزىنى ئاچسا، ئۆزىنى ئالتۇن تەخت بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن تەختنى كې-يىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغانىكەن، كېيىك ئالتۇن تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. كېيىك بىر سەكرى-سە تەختنىڭ ئالتۇن قانىتىغا چۈشىدىكەن، يەنە بىر سەك-رىسە كۈمۈش قانىتىغا چۈشىدىكەن. پادىشاھ ۋە پۈتۈن ئوردا ئەھلى بۇ كارامەتتىن ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ تۆرمەك چاقچانغا ياخشىراق ئىنئام بېرىشنى ئويلاپ، ۋەزىرگە:

— بۇ بالىغا ئەمدى قانداق ئىنئام بەرسەك بولاركىن؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىم، بۇ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كې-لىدىغان بالا ئىكەن. ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن كېيىكلىرى ۋە ئالتۇن تەختلىرى بار بولدى، جاھانغا شۆھرەتلىرى تو-نۇلدى. ئەمدى ئويلاپ كۆرسىلە، يەنە نېمە كەم؟ — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سوئالغا بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا ۋەزىر:

— ھازىر ئۆزلىرىگە ئالتۇن دەرەخ لازىم. ئويلاپ باق-سىلا، ئالتۇن كېيىك، ئالتۇن تەخت بار جايدا ئالتۇن

دەرەخ بولمىسا بولامدۇ؟ ھېلىقى بالىنى دەرھال ئوردىغا چاقىرتىسلا، «ئۈچ ئاي ئىچىدە ئالتۇن دەرەخ تېپىپ كەل، ئاندىن سېنى رازى قىلاي» دېسىلە، ــ دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە بالىغا ئۈچ ئاي ئىچىدە ئالتۇن دەرەخ تېپىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. تۇرمەك چاققان ئوردىدىن چىقىپ، ئۆيىگىمۇ بارماي، دەريا بويىدىكى توغراق كامېرىدا ئالتۇن دەرەخ ھەققىدە خىيال قىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ھېلىقى بوۋاي: «ئوغلۇم، تۇر، ئورنۇڭدىن!» دەپتۇ. تۇرمەك چاققان كۆزىنى ئاچسا، ھېلىقى بوۋاي ئالدىدا تۇرغۇدەك، تۇرمەك چاققان بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي: «مۇشۇ جايدىن دەريا بويلاپ ئون بەش كۈن ماڭساڭ، بىر تاغقا يېتىسەن. تاغقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن تاغ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرسەڭ، بىر ساي بار. سەن سايغا قەدەم تاشلىشىڭ بىلەن بىر بوز توشقان ئالدىڭدا قاچىدۇ. سەن ئۇنى قوغلاۋەرگىن. توشقان سېنى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە باشلاپ كىرىدۇ ــ دە، كۆزۈڭدىن غايىب بولىدۇ. بۇ ئۆڭكۈر قىرىق قاراقچىنىڭ ماكانى. ئۇلار سېنىڭ كەلگىنىڭنى كۆرۈپ، ئەتراپىڭنى قورشاپ، خەنجەر ـ پىچاقلىرىنى چىقىرىشىپ ساڭا ھەيۋە قىلىدۇ، سەن قىلچە قورقمىغىن. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى سەندىن: ‹سەن نېمە ئادەم؟› دەپ سوئال سورايدۇ. سەن: ‹مەن شۇنداق ئۇستا ئاشپەزمەنكى، جاھاندا ماڭا يېتىدىغان ئاشپەز يوق› دېگىن. ‹قانداق كارامەتلىرىڭ بار؟› دېسە، ‹مەن

كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە تاماق پىشۇرىمەن، دېگىن. قاراق-
چىلار سېنى سىناش ئۈچۈن بىر قازانغا گۆش سالىدۇ.
سەن مانا مەن بەرگەن ماۋۇ ھاسىنى قازانغا تەگكۈزۈپ
تۇرۇپ، قاراقچىلارغا: ‹كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار›، دەپ، ھاسىد-
غا: ‹پىش تاماق لەختە ــ لەختە› دېگىن ــ دە، قاراقچىلار-
غا: ‹كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار›، دېگىن، قاراقچىلار كۆزلىرىنى
ئاچقاندا قازاندىكى گۆش پىشىپ بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن قاراقچىلار سېنى ئۆزلىرىگە ئاشپەز قىلىدۇ. قاراق-
چىلار بۇلاڭ ــ تالاڭغا چىقىپ كەتكەندە، سەن ئۆڭكۈرنىڭ
كۇنچىقىش تەرىپىگە قارىساڭ، بىر ساندۇق بار، ساندۇقنى
ئاچساڭ ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك قۇتا بار. قۇتىدىن بىر
ئالتۇن ئاچقۇچ چىقىدۇ. ئاچقۇچنى ئال. يەنە بىر بولاق
ئوغا بار، ئۇنىمۇ ئال ــ دە، ساندۇقنى ئېتىپ قوي.
قاراقچىلار بۇلاڭ ــ تالاڭدىن ھېرىپ ــ ئېچىپ قايتىدۇ.
سەن ئەتمەكچى بولغان تاماققا ھېلىقى بولاقتىكى ئوغىنى
سالغىن، قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ.
قاراقچىلار ئۆلگەندىن كېيىن ھېلىقى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ،
ساندۇق ئاستىدىكى تاشنى يۆتكىسەڭ، بىر ئالتۇن ئىشىك
كۆرۈنىدۇ. ھېلىقى ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئې-
چىپ، ئۈچ كېچە ــ كۈندۈز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماڭساڭ،
بىر يورۇقلۇققا چىقىسەن. بۇ يەر ئاستىدىكى ئالتۇن دە-
رەخلىك باغدۇر. سەن دەرھال بىر تۇپ ئالتۇن دەرەخنى
قۇچاقلاپ: ‹ياپىرىم›، دەپ كۆزۈڭنى يۇمۇپ ــ ئاچساڭ، ئال-

تۇن دەرەخ بىلەن ئۈزۈڭنى پادىشاھنىڭ بېغىدا كۆرسەن»
دەپتۇ ۋە بىر ھاسا قالدۇرۇپ غايىب بوپتۇ.
تۇرمەك چاققان ھېلىقى بېشارەت بويىچە دەريا ياقىلاپ
ئون بەش كۈن يول يۈرۈپ، ھېلىقى بوۋاي ئېيتقان قىس-
مەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئالتۇن دەرەخنى تېپىپ پا-
دىشاھنىڭ بېغىغا پەيدا قىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كى-
رىپ، ئالتۇن دەرەخنى تېپىپ كېلىپ باغقا تىكىپ قويغان-
لىقىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر، ئوردا مۇلازىملىرى
بىلەن باغقا چىقىپ قارىسا، ئالتۇن دەرەخ كۆزنى قاماشتۇ-
رۇپ ۋاللىداپ تۇرغۇدەك. بۇ چاغدا ھېلىقى ۋەزىر يەنە:
— پادىشاھئالەم، ھازىر سىلى پۈتۈن جاھانغا تونۇل-
دىلا، ئالتۇن كېيىكلىرى، ئالتۇن تەختلىرى، ئالتۇن دە-
رەخلىرى بار بولدى،



لېكىن يەنە بىر مۇ-
ھىم نەرسە كەم تۇ-
رۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.
پادىشاھ:
— ئۇ نېمى-
كەن؟ — دەپ سوراپ-
تۇ. ۋەزىر:
— ئاڭلىسام،
كۈنچىقىش تەرەپتە
بىر مەملىكەتنىڭ

داڭلىق پادشاھى بار ئىكەنمىش، ئۇنىڭ ساھىبجامال كۈن-
بۇۋى دېگەن بىر قىزى بار ئىكەنمىش. ئۇ شۇنداق گۈزەل
ئىكەنكى، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىن ئاسماندىكى كۈنمۇ
خىجىل بولار ئىكەنمىش. ئەسلىدە كۈن ھاۋادا مۇئەللەق توخ-
تاپ تۇرىدىغان قىلىپ يارالغانىكەن، كۈنبۇۋى كېچىسى
ئويغاق، كۈندۈزى ئۇيقۇدا بولغاچقا، كۈنبۇۋى ئويغانغان ھا-
مان كۈنمۇ خىجىللىقتا ئالدىراپ پەسكە چۈشۈپ يوشۇرۇ-
نىدىكەن، كۈنبۇۋى ئۇخلىغاندا، ئاندىن ئۆز نۇرىنى يەر-
زېمىنغا چاچالايدىكەن. كېچە بىلەن كۈندۈز شۇنىڭدىن قاپ-
تۇمىش! ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادشاھ:
ــ ئۇنى كىم ئەكېلىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:
ــ ھېلىقى تۇرمەك چاققان دېگەن يېتىم ئوغلاق يامان
ئېمىكەن، ئۆزلىرى مېنىڭ مەسلىھەتىم بويىچە ئۈچ قېتىم
ئىشقا بۇيرۇۋىدىلە، جان ـ دىل بىلەن ئورۇندىدى. ئەمدى
ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ، سىلىق ـ يۇمشاق گەپ قىلىپ،
ساھىبجامال كۈنبۇۋىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇسىلا، ئۇ چوقۇم
ئەكېلەلەيدۇ، ــ دەپتۇ.
پادشاھ ئەتىسى تۇرمەك چاققاننى ئوردىغا چاقىرىپ،
ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۈنبۇۋىنى ئەكېلىشكە بۇي-
رۇپتۇ. تۇرمەك چاققان گەپ ـ سۆز قىلماي، ئوردىدىن
چىقىپ: «يا تەۋەككۇل» دەپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۈرۈپ،
يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، بىر جاڭگاللىقتا كېتىۋاتسا،
يول ئۈستىدە بىر ئېلەن ياتقۇدەك. تۇرمەك چاققان:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، نېمە ئادەمسەن؟ — دەپتۇ-
كەن، ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەگەك قۇلاق باتۇر دېگەن
مەن بولىمەن، كۈنچىقىش مەملىكىتىنىڭ قىزى ساھىبجا-
مال كۈنبۇۋىنى ئالغىلى بىر يىگىت كېلىدۇ، دەپ ئاڭلاپ
شۇنى كۈتۈپ ياتاتتىم، — دەپتۇ.

تۆرمەك چاققان ئۆزىنىڭ دەل كۈنچىقىش مەملىكىتىگە
قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىپتۇ. سەگەك قۇلاق باتۇر:

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن، سەن مې-
نى ئۆزۈڭگە قوشۇۋال، — دەپتۇ. تۆرمەك چاققان ماقۇل
بوپتۇ.

بۇ ئىككىيلەن ئۇزۇن چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ
كېتىۋاتسا، بىر ھەيۋەتلىك تاغ كۆكتە ئۇياقتىن - بۇياققا
كۆچۈپ يۈرگۈدەك. بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىسا، بىر
ئادەم تاغنى ئۇ قولىدىن - بۇ قولىغا ئېلىپ ئويناپ يۈر-
گۈدەك. بۇ ئىككىيلەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. ھېلىقى
پالۋان دەرھال سالامنى ئېلىك ئېلىپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆرمەك
چاققان مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پالۋان:

— تاغ باتۇر دېگەن مەن بولىمەن، كۈنچىقىش مەملى-
كىتىگە بارىدىغانلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتىم، مېنىمۇ قوشۇ-
ۋېلىڭلار، — دەپتۇ - دە، ئۇلارغا قوشۇلۇپ سەپەرگە ئات-
لىنىپتۇ.

ئۇلار يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، يول ئۈستىدە ئىككى پۈتىغا بىردىن تۈگمەن تېشىنى ئېسىۋېلىپ، ئۇياق-تىن - بۇياققا يۈگۈرۈۋاتقان بىر ئادەمگە يولۇقۇپتۇ، بۇ يۈگۈرۈك باتۇر ئىكەن. يۈگۈرۈك باتۇرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار سەپەر ئۈستىدە بىر كۆل بويىغا يې-تىپ كېلىپ قارىسا، بىر ئادەم كۆلنىڭ سۈيىنى دەم تار-تىپ، يەنە ياندۇرۇۋاتقۇدەك، بۇ كۆل باتۇر ئىكەن. كۆل با-تۇرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. بۇ بەش ئادەم قىرىق كۈن يول يۈرۈپ بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. تۇرمەك چاققان بەك ئۇسساپ كەتكەچكە، سۇ ئىچىش ئۈچۈن دەريا بويىغا بارسا، سۇ ئۈستىدە بىر ھەرە سۇدىن چىقالمايۋاتقۇدەك. تۇرمەك چاققان دەرھال بىر تال قومۇشنى تاشلاپ بېرىپتىكەن، ھېلىقى ھەرە سۇدىن چىقىپتۇ ۋە زۇۋانغا كىرىپتۇ:

— مېنى قۇتقۇزۇپ قويغىنىڭغا رەھمەت. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە: «ھەرە كۆنەك، ھەرە كۆنەك!» دېسەڭ، خىزمىد-تىڭگە ھازىر بولىمەن، خەير - خوش، — دەپ غايىب بوپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر تاغ باغرىغا يېتىپ كەپتۇ. تاغ باغرىدىكى سايغا قارىسا، ئاپئاق بىر دۆڭ تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا تاغ باتۇر:

— ئاغىنىلەر، سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ دۆڭ ئادەم سۆ-ڭەكلىرىدۇر. بۇ ئادەم سۆڭەكلىرى شاھزادە، ئېسىلزادىلەر-نىڭ سۆڭەكلىرى. ئۇلار كۈنچىقىش مەملىكىتى پادىشاھى-

نىڭ قىزى ساھىبجامال كۆنبۈۋنى ئالغىلى كېلىپ مۆ-
شۈنداق ئاقىۋەتكە ئۇچرىغان. كۆنچىقىش مەملىكىتىنى پە-
قەت ئۇنىڭ سالپاڭ زېرەك دېگەن بىر ئىتى قوغدايدۇ.
ھەرقانداق ئادەم كۆنچىقىش مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىغا يې-
قىنلاشقان چاغدا، ئىت ئۇنى ئالدىقاچان بىلىپ بولۇپ،
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شۇ جايغا يېتىپ كېلىدۇ - دە،
قانچە ئادەم بولسا يەپ تۈگىتىدۇ، — دەپتۇ.
— ۋاي يامان بولدى، سالپاڭ زېرەك كېلىۋاتىدۇ، —
دەپتۇ سەگەك قۇلاق. تاغ باتۇر دەرھال زور بىر تاغنى قو-
لىغا ئېلىپ تۇرۇپتىكەن، سالپاڭ زېرەك يىراقتىن ئۇلارغا
خىرىس قىلىپ يېتىپ كەپتۇ. تاغ باتۇر ھېلىقى تاغنى
بىر ئاتقانىكەن، ئىت تاغ ئاستىدا يانجىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئۇلار
تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كۆنچىقىش مەملىكىتى چېگرىسىغا
ئاياغ بېسىپتۇ.
ئەمدى گەپنى كۆنچىقىش مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدىن
ئاڭلايلى:
كۆنچىقىش پادىشاھىنىڭ بىر ھەييارى بار ئىكەن، ئۇ
ئالتە ئايلىق يەردىكى ۋەقەلەرنى بىلەلەيدىكەن. ئۇ پادىشاھ
ئوردىسىغا كىرىپ، بەش ئادەمنىڭ كۆنچىقىش مەملىكىتىگە
قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، سالپاڭ زېرەكنىڭ ئۆلگەنلىكىنى
خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈپ، دەر-
ھال ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالارنى يىغىپ جىددىي كېڭەش
قىپتۇ. ھېلىقى ھەييار:

ــ سالپاڭ زىرەك ئىتىمىزنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ھېچكىم يېڭەلمىگەن. بۇ بەش ئادەمگە تەڭ كەلگىلى بولـ مىغۇدەك. ياخشىسى، داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىپ ئالدىغا چىقايلى، ــ دەپتۇ. كۇنچىقىش مەملىكىـ تىنىڭ پادىشاھى قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىر دەرھال يۇرتقا پەرمان چۈشۈرۈپ، ناغرا ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباقلارنى ۋە بەش تەختىراۋان تەييارلاپ، بەشەيلەننىڭ ئالدىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كۇنچىقىش مەملىكىتىنىڭ پۇقرالىرى داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىپ بەشەيلەننى تەخـ تىراۋانغا سېلىپ، پادىشاھ ئوردىسىغا ئەكەپتۇ. پادىشاھ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ئۇلارنى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. تۆرمەك چاققان بۇ جايغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى ھەييار جادۇگەردىن مەسلىھەت سوراپتىكەن، ھەييار: «بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، شاھىم» دەپتۇ ـ دە، بەشەيـ لەنگە قاراپ:

ــ ساھىبجامال كۈنبۈۋى پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇلۇق قىزى. سىلەر شۇنچە يىراق يەردىن مۇشۇ قىزنى ئېلىش ئۈچۈن كەپسىلەر، بوپتۇ، قىزنى بېرەيلى، ئەمما مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك شەرت بار، شۇنى بېجىرسەڭلار، قىزنى سىلەرگە بېرىمىز. بېجىرەلمىسەڭلار، بىزدىن ئاغرىنىدـ ماڭلار، ــ دەپتۇ.

ــ قېنى، قانداق شەرت ئىكەن؟ ــ دەپتۇ تۆرمەك

چاقچان. ھېلىقى ھەييار:

— بىرىنچى شەرت: قىزىمىزنى مۇشۇ ئۇردا ئىچىدە مەلۇم بىر جايغا يوشۇرۇپ قويىمىز، تاپالىساڭلار ھېساب. ئىككىنچى شەرت: ئاراڭلاردىكى بىرەيلەن مەن بىلەن ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدە يۈگۈرۈشكە چۈشىدۇ، كىم بالدۇر پەللىگە كەلسە ھېساب. ئۈچىنچى شەرت: بۇ ئۇردىدا ساھىبجامال كۈنبۇۋىدىن ئون ئالتىسى بار، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەقىقىي كۈنبۇۋىنى تېپىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ.

بىرىنچى شەرتنى ئورۇنداش باشلىنىپتۇ. كۈنبۇۋىنى يەتتە قات يەر ئاستىدىكى بىر ئۆيگە يوشۇرۇپ: «قىنى، تىپىڭلار» دەپتىكەن، سەگەك قۇلاق باتۇر قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ: «كۈنبۇۋى يەتتە قات يەر ئاستىدىكى ئۆيدە ئىكەن. ھازىرلا تىكىش قىلىپ، يىڭنىسىنى ياستۇق ئۈستىگە قويدى» دەپتۇ. ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئەھۋال راست شۇنداق. شۇنىڭ بىلەن بۇلار بىرىنچى شەرتنى ئادا قىلىپ ئۇتۇۋاپتۇ.

ئىككىنچى شەرتنى ئورۇنداش باشلىنىپتۇ. يۈگۈرۈك باتۇر بىلەن ھېلىقى ھەييار ئىككى كۈن يۈگۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنگە يەتكەندە، ھېلىقى ھەييار يۈگۈرۈك باتۇرنى يىگىلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ھەي باتۇر، مۇساپىمىز ئاز قالدى، بىر ئاز ئارام ئېلىپ، تونۇشۇپ، سىردىشىپ، ئاندىن يۈگۈرسەكمۇ پەللىگە يېتەلەيمىز، — دەپتۇ.

يوگوروك باتۇر ھەييارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، بىر كۆل بويىغا كېلىپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەس-نادا ھەييار يېنىدىن دورا بىھوشنى ئېلىپ، يوگوروك با-تۇرغا بىرلا چېچىپتىكەن، يوگوروك باتۇر بىھوش بولۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ھەييار پۇرسەتنى تۇتۇپ، پەللى-گە قاراپ يوگوروشكە باشلاپتۇ. ئەمدى گەپنى يوگوروك باتۇرنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئاڭلايلى:

سەگەك قۇلاق باتۇر قۇلىقىنى يەرگە چاپلاپ:

— ھەي ئاغىنىلەر، چاتاق بولدى. بىزنىڭ باتۇر بىر كۆل بويىدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، خورەك ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ. ھېلىقى ھەييار پەللىگە يېتەي دەپ قالدى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاغ باتۇر بىر نەرە تارتىپتىكەن، دورا بىھوشتا قاتتىق ئۇخلاۋاتقان يوگوروك باتۇر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ-تۇ. قارىسا، ھېلىقى ھەييار يېنىدا يوق. «خەپ» دەپ، پۇ-تىغا باغلاقلىق ئىككى تۈگمەن تېشىنى يېشىپ تاشلاپ بىر يوگوروپتىكەن، ھەييارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، بەلگىلەنگەن پەللىگە بالدۇر يېتىپ كېلىپ، بۇ شەرتتىمۇ پادىشاھنى ئۇتۇۋاپتۇ.

ئەمدى پادىشاھ ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇنداشنى ئېيتىپ-تۇ. ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا بوي - تۇرقى، چىراي - شەكلى، كىيىنىشى ئوخشاش ئون ئالتە قىزنى تىزىپ قو-يۇپتۇ. شەرت بويىچە، ئالدى بىلەن تاغ باتۇر بۇ ئون ئالتە قىزنى بىر قاتار كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر ئۇياقتا - بىر



بۇياققا ئۆتۈپ ھەقىقىي كۆنبۆۋىنى تاپالماپتۇ. سەگەك قۇلاق باتۇرمۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر تۇرمەك چاققانغا نۆۋەت كەپتۇ. تۇرمەك چاققان دەرھال يول ئۈستىدە ئۆزى قۇتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى ھەرىنى ئويلاپتۇ - دە: «ھەرە كۆنەك، ھەرە كۆنەك» دەپتىكەن، ئۇنىڭ باش ئۈستىدە ھەرە پەيدا بوپتۇ. تۇرمەك چاققان مەقسىتىنى ئېيتىپتىكەن، ھەرە:

— مەن قايسى قىزنىڭ بېشىغا قونسام، شۇنى قولدىن تارتىپ چىقار، سەن ئىزدىگەن ھەقىقىي كۆنبۆۋى شۇ، — دەپتۇ. تۇرمەك چاققان سەپتە تۇرغان قىزلارنى ئارىلاپ بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا ئۆتۈۋېتىپ قارىسا، ھېلىقى ھەرە سەككىزىنچى قىزنىڭ بېشىغا قونۇپ تۇرغۇدەك. دەرھال ئىككىلەنمەي بېرىپ: «ھەقىقىي كۆنبۆۋى مۇشۇ» دەپ، قىزنى سەپتىن تارتىپ چىقىپتۇ. ھەقىقىي كۆنبۆۋى

شۇ ئىكەن.

ئۇلار پادىشاھنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ قىزنى بېرىدىغان بوپتۇ. ئاڭغىچە كەچ بوپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ھەييار پادىشاھقا:

— ھەي قۇدرەتلىك شاھىم، بۇ كىشىلەرگە قىزىمىز ساھىبجامال كۆنبۇۋى بىكار كېتىدۇ، بۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— قانداق ئۇجۇقتۇرىمىز؟ — دەپتىكەن، ھەييار:

— ئوردىنىڭ كەينىدە بىر ئېغىز تۆمۈر ئۆي بار. ئۇلارنى شۇ يەرگە باشلاپ بارايلى ھەم ياتقىنى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرايلى. كېچىچە پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ھەر ئادەمگە بىر ئۇلاغدىن ئوتۇن، ھەربىر ياغچىغا ئون قاپاقتىن ياغ ئالۋان قويايلى، تۆمۈرچىلەر كۆرۈكلىرىنى ئەكەلسۇن. ئۇلار تازا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، بىز تۆمۈر ئۆي ئەتراپىغا ئوتۇن - ياغاچ دۆۋىلەپ، ياغچىلار ئەكەلگەن ياغلارنى تۆكۈپ، ئوت ياقايلى. كۆرۈكچىلەر تۇشمۇتۇشتىن كۆرۈك باسسۇن. شۇنداق قىلساق، قېنى ئۇلارنىڭ ئۇجۇقمىغىنىنى كۆرەي! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەييارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش بېجىرىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شەھەر خەلقى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، تاغدەك ئوتۇن دۆۋىلەپتۇ، ياغچىلارنىڭ يىغمۇ ئىنتايىن كۆپ يىغىلىپتۇ. نەچچە مىڭ كۆرۈكچى تەييار بوپتۇ. تورمەك چاققان قاتارلىق بەشەيلەننى ھېلىقى ئۆيگە

ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. تەك كىچە بولغاندا، يىغىلغان ئوتۇنلارنى تۆمۈر ئۆي ئەتراپىغا دۆۋىلەپتۇ، ياغلارنى تۆكۈپتۇ ـ دە، ئوت يېقىپتۇ. ئوت تازا ئۇلغايغاندا، نەچچە مىڭ كۆرۈكچى كۆرۈك بىسىشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى تۆمۈر ئۆي ئىچىدىكى بەشەيلەندىن ئاڭلايلى:

تەك كىچە بولغاندا، ئىسسىقنىڭ دەستىدىن بولالمىغان تۇرمەك چاققان ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغىنىلىرىنى ئويغىتىپتۇ. ئاغىنىلىرى ئويغىنىپ قارىسا، ئۆينىڭ تۆت ئەتراپى ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن. كۆل باتۇر دەرھال:

— ئاغىنىلەر، سىلەر خاتىرجەم ئۇخلاڭلار، — دەپتۇ ـ دە، يول بويىدا يۇتۇۋالغان بىر كۆلنىڭ سۈيىنى تامغا پۈركۈپتىكەن، تامدىكى قىزىللىق يوقىلىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ھەييار پادىشاھقا:

— ئەمدى ئۇلار كۆيۈپ كۈل بولدى. يۈرسىلە، كۆرۈپ كېلەيلى، — دەپ تۆمۈر ئۆينىڭ ئالدىغا بارسا، بۇ بەشەيلەن ئۆيدىن چىقىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە بۇ كېچە كۆل باتۇر تاڭ ئاتقۇچە تۆمۈر تامغا سۇ پۈركۈپ ياتقاچقا، ئۆي ئىچى سالقىن تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ بەشەيلەننى كۆرۈپ سالام بېرىپتۇ. ھەييار ھەيران قالغانلىقىنى بىلىندۇرمەي:

— ئاغىنىلەر، كېچىدىن ئوبدان ئۇخلىغانسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇرمەك چاققان:

— ئۆمرۈمدە مۇنداق راھەتتە ئۇخلىماپتىكەنمەن، قاللىتىس ئوبدان ئۇخلىدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ بەشەيلەنگە تەك كىلىش مۇمكىن ئەمەسكەن، ياخشىسى قىزىمىزنى بېرەيلى، — دەپتۇ. بەش يىگىتنى ئوردىغا چاقىرتىپ، توينى ئەتىدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، قىزنى ئالىدىغان يىگىتنىڭ تەييار بولۇشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. تۇرمەك چاققان پادىشاھقا:

— قىزنىڭ يىگىتى ئارىمىزدا يوق، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ تۇرمەك چاققاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن توينى قىزغا خېرىدار بولغان پادىشاھنىڭ مەملىكىتىدە ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇپتۇ. داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ، بەش يىگىت ۋە قىزنى كۇنبوۋنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، بىر جايغا بارغاندا، كۆل باتۇر دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ياشاپ كەلگەن كۆل بويىدا قاپتۇ. يەنە ئازراق مېڭىپ يوگۇرۈك باتۇر قاپتۇ. شۇ تەرىقىدە تاغ باتۇر، سەگەك قۇلاق باتۇرلارمۇ بىر - بىرلەپ ئۆز جايلىرىدا قاپتۇ. ئاخىرى تۇرمەك چاققان بىلەن كۇنبوۋى بىللە يولغا چىقىپتۇ. كۇنبوۋى تۇرمەك چاققاننىڭ قىسمەتلىرىنى دادىسىدىن ئاڭلىغانىكەن. ئۇلار يول بويى گەپ - سۆز قىلماي مېڭىپتۇ. مەنزىلگە بىر كۈن قالغاندا بىر ئۆتەڭ ئۇچراپتۇ. كۇنبوۋى تۇرمەك چاققانغا:

— مەن كۈنچىقىش مەملىكىتىنىڭ مەلىكىسى، پادى-

شاھنىڭ ئالدىغا مۇنداق بارسام بولمايدۇ. مەن مۇشۇ ئۆ-
تەڭدە تۇرۇپ تۇراي. سىز پادىشاھقا: «مەن سىلىنىڭ دېگەن-
لىرى بويىچە كۆنچىقىش مەملىكىتىنىڭ مەلىكىسىنى ئە-
كەلدىم، مۇشۇ جايغا بىر كۆنلۈك كېلىدىغان ئۆتەڭدە قال-
دى، پادىشاھ ئالدىمغا چىقسۇن، ئالدىمغا چىققاندا پادىشاھ
ئالدىدا ماڭسۇن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋەزىر ماڭسۇن، ئار-
قىدىن يۇرت خەلقى ماڭسۇن دېدى» دەڭ، ــ دەپتۇ.

مەلىكە ئۆتەڭدە قاپتۇ. تۇرمەك چاققان بىر كۈن يول
يۈرۈپ ئوردىغا بېرىپ، قىزنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھقا
مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈن يۇرتقا جاكارچى ماڭدۇرۇپ يۇرت خەل-
قىنى يىغىپ، ئۆزى ئالدىدا، ۋەزىرى كەينىدە، يۇرت خەل-
قىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆتەڭگە يېقىنلىشىپتۇ. مەلىكە ئۆيدىن
چىقىپ، يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئاپتۇ ـ دە، بىرنىمى-
لەرنى دەپ سۈپكۈچلەپ بىرلا چاچقانىكەن، پادىشاھ بىر تا-
غىل بۆرىگە، ۋەزىر قىزىل قۇيرۇقلۇق تۈلكىگە ئايلىنىپ-
تۇ. تۈلكە قېچىپتۇ، بۆرە قوغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادى-
شاھ بىلەن ۋەزىر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ تاغقا چىقىپ
كېتىپتۇ.

كۆنبۇۋى يۇرت خەلقىگە تۇرمەك چاققاننى پادىشاھلىققا
كۆرسىتىپ، ئۆزى بولسا پادىشاھنىڭ خانىشى بولىدىغانلى-
قىنى جاكارلاپتۇ. تۇرمەك چاققان بىلەن كۆنبۇۋى يۇرتنى
ئادىل سوراپ، ئۆمرىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

# سەمەندەر

بۇرۇنقى زاماندا زېمىننى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى ئۆم بىر ماكان بولغانىكەن. بۇ ماكانىنىڭ ھاكىملىرى ئا-دىل، پۇقرالىرى دادىل ئىكەن. مويسىپىتلىرى مەشرەپ ئوينايدىكەن، نەۋقىرانلىرى ئوۋ ئوۋلايدىكەن. بۇ يۇرتتا بىر كاسىپ بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئوت ئالدىدا تۆمۈر تاۋلاش بىلەن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئاتا كەسىپكە ۋارىسلىق قىلار دېگەن نىيەتتە، ئۇنىڭغا «سەمەن-دەر» دەپ ئات قويغانىكەن. سەمەندەر ئاتىسىنىڭ ھۈنەر – كەسىپىنى زېھىن قويۇپ ئۆگىنىپتۇ ۋە قوشنىسىنىڭ گۈ-لەمبەر ئىسىملىك قىزى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بوپتۇ.

ئۇ ئون سەككىز ياشقا توشقاندا ئاتا – ئانىسىدىن يېتىم قاپتۇ. سەمەندەر ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن كەسپى بويىچە تاغ كېزىپ، داۋان ئېشىپ مەدەن ئىزدەيدىكەن، مەدەننى ئوتتا قىزدۇرۇپ مايدەك ئېرىتىپ تۆمۈر تاۋلايدىكەن، تۆمۈردىن ئوۋ سايمانلىرى ياسايدىكەن.

بەدىنىگە قۇۋۋەت تولۇپ، ئېيىق بىلەن ئېلىشىپ،

يولۋاس بىلەن چېلىشىپ يۈرگەن باتۇر يىگىت سەمەندەر بىر كۈنى يۇرت ئىچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە قوڭۇر رەڭ توپا ئۆرلەپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن بۇ يەردە تاش ـ مەدەن بارلىقىغا ھۆكۈم قىپتۇ ـ دە، كېچە ـ كۈندۈز بۇ يەرنى كولاشقا باشلاپتۇ. گۈلەمبەر كۈن ئاربلاپ ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاش ـ نان ئەكې-لىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆي-گۈ ـ مۇھەببىتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپتۇ. سەمەن-دەرگە كۈندۈزى بۇلبۇل، تورغايلار ناخشا ئېيتىپ بەرسە، كېچىسى سانسىز يۇلتۇزلار نۇر چېچىپتۇ، قىرىق قېتىم كۈن ۋە قىرىق قېتىم ئاي ھەمراھ بوپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئۇنىڭ كولىغان يېرى ئالتە غۇلاچقا يېتىپتۇ، ئەمما مەدەندىن تېخىچە دېرەك بولماپتۇ. سەمەندەر ئۈمىدىنى ئۈ-زۈپ ئىشتىن توختاپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا گۈلەمبەر ئا-دىتى بويىچە ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ، ئىككىسى مۇڭدىشىپتۇ، سىردىشىپتۇ، سۆبھى مەزگىلى بولغاندا، سەمەندەر گۈلەم-بەرنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

سەمەندەر چۈشىدە ئادەمزاتتىن خالىي ئاجايىپ چىراي-لىق بىر باغنى كۆرۈپتۇ. باغدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىل-غان، خىلمۇخىل قۇشلار سايراپ تۇرغان، ھەر تۈرلۈك مې-ۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ تۇرغانمىش. زۇمرەتتەك سۈپسۈ-زۈك سۇغا تولغان كۆل ئىچىدە تۇرنا، ئۆردەك، غازلار، ئالتۇنبېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك. سەمەندەر بۇ باغنىڭ

گۈزەللىكىگە قاراپ، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن شۇنداق بىر باغ بىنا قىلغان بولسام كاشكى... دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كۆل بويىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئوچۇملاپ سۇ ئىچكەنىكەن، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا رەڭمۇرەڭ نۇرلار چاقناپ، قۇلىقىغا يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن، قىپقىزىل مەڭزى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ، پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ. سەمەندەر ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، ـــ دەپ ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بوۋاينىڭ ئىللىق نەزەرى سەمەندەرگە چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا غايىبانە بىر كۈچ قوشۇلغاندەك بوپتۇ، يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىپتۇ. بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن سەمەندەرگە دەپتۇ:

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھەي، ئەل سۆيەر ئوغلۇم، سەن ئارزۇ بېغىنىڭ شارابىغا ئېغىز تەگدىڭ. ئۈمىدىڭنى ئۆزمەي، كەتمىنىڭنى قولۇڭغا ئال! ئەجدادلىرىڭ ساڭا «ھېكمەتلىك كىتاب» سوۋغا قىلۇر. ھەر كۆكلەمنىڭ تۇنجى چولپانى كۆچكەندە، كىتابنى كۆكسۈڭگە قويۇپ مۇنۇ بېيىتنى ئېيتساڭ، تەلپىڭ ئورۇندالغاي:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.

ئەلگە شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇتاپ !

بوۋاي شۇ گەپنى دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سەمەندەر چۆچۈپ ئويغىنىپ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى گۈلەمبەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاندىن كولاپ چۈشكەن يېرىگە ئۈچ كەتمەن ئۇرغانىكەن، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غېرىچ، كەڭلىكى ئىككى غېرىچ، قېلىنلىقى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر ئالتۇن ساندۇق چىقىپتۇ. ساندۇقنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىن ئالتۇن ۋاراقلىق «ھېكمەتلىك كىتاب» چىقىپتۇ. ئۇ كىتابنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كۆكسىگە تېڭىپ تۇرۇپ:





خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
ئەلگە شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇ تاپ!

دەپ بېيىت ئېيتىپتىكەن، ھېلىقى كولانغان يەردىن خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭگارەڭ نۇر چەمبىرىكى ھاسىل بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ بىر تۈپ شەمشاد دەرىخىگە ئايلىنىپتۇ. شەمشادنىڭ غولى ۋە شاخلىرى ئالتۇن بولۇپ، يوپۇرماقلىرى تىللا ئىكەن. ئۇنىڭ تىللالىرى مەيىن شامالدا ھەيۋەتلىك جىرىڭلاپ، پۈتۈن ئەلنى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىپتۇ. نومۇسچان گۈلەمبەر تاڭ يورۇقىدا ئەلدىن خىجىل بولۇپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. خەلق ئاسماننى ۋاڭ ـ ۋۇڭ قىلىپ يورۇتۇۋەتكەن بۇ ئاجايىپ مۆجىزىگە ھەيران بولۇپ سەمەندەرنىڭ ئەتراپىغا جەم بوپتۇ.

بۇ شۇنداق خاسىيەتلىك دەرەخ ئىكەنكى، ئۇنىڭ تىللالىرى ئۈزۈلگەن ھامان ئورنىغا يەنە يېڭى تىللالار پەيدا بولىدىكەن. سەمەندەر تىللالارنى ئاۋام خەلققە تارقىتىپ بېرىپتۇ. باللار شادلىقىدىن چاپانلىرىغا تىللا تۈگمىلەر قادىشىپتۇ، قىز ـ جۇۋانلار قۇلاق، بويۇنلىرىغا، بارماق ۋە بىلەكلىرىگە ئالتۇن بېزەكلەر تاقاپتۇ. كۆز پەسلى بولغاندا، بۇ شەمشاد دەرىخى تىللا بېرىشتىن توختاپتۇ. ئۇزۇن

ئۆتمەي سەمەندەرنىڭ كارامىتى ۋە ھېكمەتلىك كىتابنىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

بۇ ئىشتىن ياقا يۇرتتىكى بىر قەللاب[1] خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ بايلىققا خورجۇنى تولمىسا بېشى ئاغرىيدىغان، ئادەم قېنىغا ئاغزى توشمىسا چىشى ئاغرىيدىغان ھىيلىگەر ئىكەن. ئۇ ھېكمەتلىك كىتابنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا نەچچە كېچە تەييارلىق قىلىپ، شۇملۇق خالتىسىنى ئېلىپ، ھىيلە - نەيرەڭ قاپقىنىنى راسلاپ، سۈيىقەست تۇزىقىنى قۇرۇپ، سەمەندەرنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

قەللاب كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە كەلگەندە، يەر ئاستىدىن سانسىز تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقىپ ئۇنىڭ بەدىنىگە سانجىلىپ، يولىنى توسۇپتۇ. ئۇ شۇملۇق خالتىسىدىن جادۇ پەيلىرىنى چىقىرىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب يەنە بىر مەنزىلگە كەلگەندە، ئالدىنى تىك تاغلار توسۇپتۇ. ئۇ شۇملۇق خالتىسىدىن شوتىسىنى چىقىرىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، تاغدىن ئېشىپتۇ. يەنە بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن، ئالدىنى ئوت - يالقۇنلار توسۇپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب شۇملۇق خالتىسىدىن قايغۇ بۇلۇتلىرىنى چىقىرىپ ئۈستىگە ئۇلتۇرۇپتۇ ۋە بۇلۇتلاردىن يامغۇر سۇلىرىنى تۆكۈپ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ ئۆتۈپتۇ. يامغۇر



---

① قەللاب ـــ ساختىپەز، ھىيلىگەر.

سۈيى ئېقىپ بېرىپ چەكسىز كۆل پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. ئۇ شۇملۇق خالتىسىدىن قېيىق چىقىرىپ، سۇدىن ئۇزۇپ ئۆتۈپتۇ. قىرغاققا يېقىنلاشقاندا، پىچاقتەك ئۆتكۈر قومۇشلۇققا دۇچ كەپتۇ. ھېيلىگەر قەللاب شۇملۇق خالتىسىدىن بالايىئاپەت بورىنىنى چىقىرىپ، قومۇشلارنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ ۋە توزغاقلاردىن ئېگىزكىگە پەرداز بېرىپ، مويسىپىت قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ كۆلدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ھېيلىگەر قەللاب ئاخىرقى بىر مەنزىلگە كەلگەندە، ھېلىقى ئۆزى چىقارغان بالايىئاپەت بورىنى كەينىگە يېنىپ، ئۇنى تاش بوران ئەيلەپتۇ، قىزىق قۇملار ئۇنىڭ يۈزىگە چوقۇر ۋە سەپكۈندىن ئىز ساپتۇ. ئەتراپ پايانسىز چۆل ـ جەزىرىگە، يىراق ـ يېقىندىكى ئاۋات شەھەرلەر قۇم دۆۋىسىگە ئايلىنىپتۇ. قەللاب ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېتىۋاتقىنىدا، تېنەپ قالغان بىر تۆگە ئۇچراپتۇ. ئادەمزاتقا تەشنا بولغان نار تۆگە ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇركۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىپتۇ. ھېيلىگەر قەللاب ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋاپتۇ. نار تۆگە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يۈگۈرۈپ سەمەندەرنىڭ يۇرتىغا يېقىنلاشقاندا، قۇيرۇقنىڭ يىرىمى ئۈزۈلۈپ قەللابنىڭ قولىدا قاپتۇ، نار تۆگە بولسا قېچىپ كېتىپتۇ.

ھېيلىگەر قەللاب بۇ يۇرتنىڭ ئىقلىمىدا كۆرمىگەن ھەشەمەتلىك ئالتۇن قەسىر ـ راۋاقلىرىنى كۆرۈپ

كىرىشكە پېتىنالماي، شۇملۇق خالتىسىدىن ھەسەت بۇلۇت-لىرىنى چىقىرىپ ئاسمانغا چېچىپتۇ، بۇلۇتلار ئاينى ئۇياق-قا، كۈننى بۇياققا ھەيدەپ، يۇرت ئاسمىنىغا گۇگۇم پەردى-سىنى يېپىپتۇ. قەللاب ئۇچىسىغا موسىپىتلارچە تون كى-يىپ، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئاغزىدىن شېكەر تام-دۇرۇپ، سەمەندەرنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ مۇساپىرلارچە نالە ـ زار قىپتۇ. مېھماندوست سەمەندەر ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ، مەززىلىك تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. قەللاب تىللالارغا كۆمۈلگەن بۇ يۇرتتىكى سەمەندەرنىڭ كۆلبىسىدە ئالتۇندىن ئەسەر يوقلۇقىغا ھەيران بولۇپ، مۇلايىملىق بىلەن بۇ سىرلارنى كوچىلاپ سوراپتۇ. ئاق كۆڭۈل سەمەندەر ھېك-مەتلىك كىتابنىڭ تارىخىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە بۇگۈن سەھەردە تۇنجى كۆكلەمنىڭ چولپىنى كۆچەتلىغانلىقىنى، ھېكمەتلىك كىتاب ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب ھەممىنى ئاڭلاپ بولۇپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ، سەمەندەرنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ ۋە:

— ھەي ئوغلۇم، مەن ئارزۇ بىلەن سېنى يوقلاپ كەلدىم، بۇگۈن سەھەر سوۋغىلارنى مەن ئىنئام قىلۇر-مەن، — دەپتۇ. سەمەندەر مېھمان بوۋايغا تەكرار رەھمەت ئېيتىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

تاڭ سەھەر چولپان كۆچەردىن ئىلگىرى ئۇلار شەمشاد

دەرىخىنىڭ يېنىغا جابدۇنۇپتۇ. سەمەندەر سەل توختاپ تۇرۇشنى، گۈلەمبەرنىڭمۇ بىللە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مېھمان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

ــ ھەي ئوغلۇم، ھېكمەتلىك كىتابنىڭ خاسىيىتى شۇكى، خوتۇنلار تائىپىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولغاندا، مەڭگۈلۈك تىللا دەرىخى ئۇزاق ئۆتمەي قۇرۇپ كېتىدۇ، ــ دەپتۇ. ئەزەلدىن ئەلگە ئىشەنچ باغلاپ ئادەتلەنگەن سەمەندەر قەللابنىڭ بۇ پەتىۋاسىغا ئىشىنىپ، باشقا قارشىلىق قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۈلەمبەرنى كۈتمەستىن شەمشاد دەرىخىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ھېكمەتلىك كىتاب سېلىنغان ساندۇق دەرەخنىڭ يېنىغا قويۇلغانىكەن. سەمەندەر كىتابنى ئېلىپ چولپان كۆچۈشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، قەللاب ئۇنىڭغا بىھوش قىلىدىغان دورا سېلىنغان مەي سۇنۇپتۇ، سەمەندەر مەينى ئىچىپلا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. قەللاب ئۇنى شەمشاد دەرىخىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ تاشلاپتۇ ــ دە، قولىغا ھېكمەتلىك كىتابنى ئېلىپ:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
ماڭا شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇ تاپ!

دەپتۇ. شەمشادتىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىنلا قىپقىزىل جۇلالىنىپ تۇرغان بىر تۇپ دەرەخ پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى قوش مۇشتتەك بولۇپ، تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاقلىق ئىكەن، ئىچىدىن قىزىل قان تېمىپ تۇرىدىكەن، چۈنكى ئۇ سەمەندەرنىڭ قېنى بىلەن قوشۇلۇپ ئاپىرىدە بولغانىكەن. كۆپ ئۆتمەي گۈلەمبەر جامائەت بىلەن بىللە يېتىپ كەپتۇ. ھەممىسى قەللابىتىن سەمەندەرنى سوراپتۇ. قەللاب چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

— سەمەندەر ئوغلۇم ھېكمەتلىك كىتابنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئارزۇ بىغىغا سەيلىگە كەتتى، كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا قايتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ. كىشىلەر بۇ سۆزگە ۋە مېۋىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ، كېيىن بۇ مېۋىگە «ئانار» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ.

گۈلەمبەر ئۆز ئاشىقىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان بۇ يەردىن كېتىشكە كۆزى قىيماي، زار - زار يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە، دوستلىرى ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھۇجرىسىدا ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي يىغلاۋېرىپ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ، پىراق ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىدە گۈلخاندەك يېنىپتۇ. ئۇ ئاندىن قالغان نەقىشلىق ساتارنى قولىغا ئېلىپ، مۇڭلۇق مۇقاملارغا چېلىپ، ھەسرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى دوستلىرى ئۇنىڭغا ئاچ قىزىل رەڭدىكى بىر دانە ئانارنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى قەللابتىن بىر

تىللاغا تېگىشكەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. گۇلەمبەر ئانارنى پۇراپ خۇددى سەمەندەرنى كۆرگەندەك بوپتۇ ـ دە، پىغانى تېخىمۇ ئۆرلەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھىيلىگەر قەللابتىن ئاڭلايلى:

بۇ ئانار دەرىخىمۇ شەمشاد دەرىخىگە ئوخشاش خاسىيەتلىك ئىكەن، بىر تال ئۇزگەندىن كېيىن ئورنىغا يەنە بىر تال ئانار پەيدا بولىدىكەن. قەللاب ھەربىر تال ئانارنى بىر دانە تىللاغا تېگىشىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. سەمەندەرنى سېغىنغان خەلق ئۆيلىرىدىكى بارلىق تىللالارنى ئەكىلىپ ئانارغا تېگىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئانارنى قولىغا ئالسىلا سەمەندەر كۆز ئالدىغا كېلىپ، يېپىشكە ئاغزى بارماي تەكچىلىرىگە تىزىپ قويۇپتۇ، قۇرۇپ قالغان ئانارلارنىڭ



ئۇرۇقنى ساقلاپ قويۇشۇپتۇ. كۈز كۈنلىرى كەلگەندە ئانار مېۋە بېرىشتىن توختاپتۇ. قەللاب ھېسابسىز تىللاغا ئىگە بولۇۋاپتۇ، ئۆزىگە ھە ـ ھۇ دېيىشكەنلەرگە تىللا ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر تىللالىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ باي ۋە يوقسۇل دەپ ئايرىلىپتۇ. تەڭ ـ سىزلىك كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە ھەر خىل سۇيىقەست، ھىيلىگەرلىكلەرنى پەيدا قىپتۇ. خەلق قەللابقا غەزەپلىنىدىغان بوپتۇ. بۇنى سەزگەن قەللاب ھېك ـ مەتلىك كىتابنى بىر بايغا نۇرغۇن تىللاغا تېگىشىۋېتىپ، شۇملۇق خالتىسىدىكى پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقلىرىنى يۇرتقا چېچىپتۇ، شۇ ھامان يەردىن شۇمبۇيا، تىكەن، زەھەرلىك چۆپلەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب نەچچە ئونلىغان نار تۆگە سېتىۋېلىپ، بارلىق تىللالىرىنى ئارتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپ ـ مېڭىپ قۇم باسقان ھېلىقى چۆل ـ لۈك ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا، بوران چىقىپ قەللابنى قۇم بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتى قۇم ئاستىدا چىرىپ، پارە ـ پارە بولۇپ چاشقان، چايانلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۈستىد ـ گە تىللا ئارتىلىپ، قۇيرۇقلىرى بىر ـ بىرىگە چېتىلغان تۆگىلەر بوراندىن قېچىپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشكەنىكەن، ھەممىسىنىڭ قۇيرۇقلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ تۆگىلەرنىڭ قۇيرۇقى كالتە بولۇپ قالغانىكەن. سانسىزلىغان تىللالار شۇ چۆل ـ جەزىرىدە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. كېيىنكى زامانلاردا كىشىلەر بۇ تىللالارنى

ئېلىش ئۈچۈن بارغىنىدا، چايانلار ئۇلارنى چېقىپ ئۆلتۈ-
رۈپتۇ.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى ھېكمەتلىك كىتابنى
ئېلىۋالغان بايدىن ئاڭلايلى:

باي ئىككىنچى يىلى باش باھارنى تەقەززالىق بىلەن
كۈتۈپتۇ. تۈنجى چولپان كۆچىدىغان كۈنى سەھەردە ھېچ-
كىمگە تۇيدۇرماي ئانار دەرىخىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ھېك-
مەتلىك كىتابنى كۆكسىگە قويۇپ:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
ماڭا شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇ تاپ!

دەپ بېيىت ئېيتىپتۇ. شۇ ھامان يەر - زېمىن لەرزىگە
كەپتۇ، ئانار دەرىخى بىردىنلا سانسىز يوپۇرماق چىقىرىپ-
تۇ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا ھېسابسىز قۇرتلار پەيدا بولۇپ
شاخلارنى قاپلاپ كېتىپتۇ، قۇرتلار سۇرلۇك لۆمشىپ بايغا
خىرىس قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن باي ھېكمەتلىك كىتابنى-
مۇ ئۇنتۇپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە گۈلەمبەرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ
چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە سەمەندەر شەمشاد دەرىخى ئۈستىد-
دە كۈلۈپ تۇرۇپ دېگۈدەك: «جېنىم گۈلەمبەر، تېز كېلىڭ!

ئەنە ھېكمەتلىك كىتاب...»

گۈلەمبەر سەمەندەرنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىيالماي چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە، يۈگۈرگىنىچە ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بىر دەرەخ تۇرغۇدەك، دەرەخنىڭ شاخلىرى ئارىسىدا چىرايلىق قۇرتلار سىپايىلىك بىلەن ئۆملەپ يۈرگۈدەك، دەرەخنىڭ يېنىدا ھېكمەتلىك كىتاب پارقىراپ ياتقۇدەك. گۈلەمبەر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، قۇيۇنلار ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئالدىراپ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى يەرنى ئىككى - ئۈچ غېرىچ كولاپ ھېكمەتلىك كىتابنى كۆمۈپ قويۇپتۇ. بوران دەرەخنىڭ يوپۇرماق ۋە قۇرتلىرىنى يەرگە قېقىپ چۈشۈرۈپتۇ. گۈلەمبەر سەمەندەر بىنا قىلغان بۇ دەرەخنىڭ قۇرتلىرىنى ئېتىكىگە يىغىۋېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بوران بىرنەچچە كۈن داۋام قىپتۇ. ھېلىقى دەرەختىكى قۇرتلار يەرگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاق ۋە قىزىل رەڭلىك، بارماقتەك-



بارماقتەك مېۋە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بوران بۇ مېۋىلەرنى قورۇتۇپ، ئۇچۇرۇپ پۈتۈن يۇرتقا تارقىتىۋېتىپتۇ.

گۈلەمبەر ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشىقىغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن بۇ قورتلارنى ئاسراپ بېقىپتۇ. قورتلار چوڭىيىپ، ئىنچىكە يىپ پوستىنى تاشلاپ ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ. گۈلەمبەر بۇ ئاشىقلىق رىشتىسىدىن بولغان يىپلاردىن ھەر خىل چىرايلىق ئەتلەس ـ شايىلارنى توقۇپتۇ. يىپەك ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن. ھېلىقى بارماقتەك مېۋە چۈشكەن دەرەخكە كىشىلەر «ئۈجمە دەرىخى» دەپ ئات قويۇپتۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېسە ـ يېسە تويغىلى بولمايدىكەن.

ئۈچىنچى يىلى باھار پەسلىدە گۈلەمبەر يەنە چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە سەمەندەر ئۇنى يەنە چاقىرىپتۇ. گۈلەمبەر يىراق ئۇتىدا ئۆرتىنىپ، ئۈجمە دەرىخى يېنىغا كەپتۇ، شۇ ۋاقىت دەل چولپان كۆچەر چاغ ئىكەن. گۈلەمبەر كۆككە قاراپ:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
سەمەندەرنىڭ يېنىغا
مېنى ئېلىپ بار شۇ تاپ!

دەپ، بېيىت ئېيتقانىكەن، ھەسەن ـ ھۈسەندەك نۇرلار

چاقناپتۇ ۋە بۇ نۇرلار گۇلەمبەرنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئې-چىقىپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۇلەمبەر شۇ كۈنى ئارزۇ بېغىغا بېرىپ ئاشىقى سەمەندەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر باش يامغۇر ياغقاندا گۇلەمبەرنىڭ كۆز يېشىنى ئەسلەپ، يامغۇر سۈيىگە ئېغىز تېگىدىغان بوپتۇ، ھەسەن - ھۈسەننى بولسا، ئاشىقلارنىڭ ۋىسال شادلىقىدىن چاقنىغان نۇرنىڭ جىلۋىسى دەپ، تاماشا قىلىدىغان بوپتۇ.

گۇلەمبەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئۇجمە دەرىخىدە بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇ. ئۇجمە دەرىخى ئورنىغا خۇددى شەمشاد دەرىخىدەك بىر تۈپ دەرەخ پەيدا بوپتۇ، شاخلىرىدا خۇددى تىللادەك مېۋە چۈشۈپتۇ. ئەپسۇسكى، كىشىلەر بۇ مېۋىنىڭ چېچىكىنى پەقەتلا كۆرەلمەپتۇ. ھېكمەتلىك كىتاب كىشىلەرگە بەختى چېچەكلىمىگەن بىر جۈپ ئاشىقنىڭ شېرىن مۇھەببىتىنى ۋە سەمەندەرنىڭ يۇرتىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن مانا شۇ مېۋىنى ئاتا قىلغانىكەن. كىشىلەر بۇ مېۋىگە «ئەنجۈر» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ.

گۇلەمبەر يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستلىرى گۇلەمبەرنىڭ ھېكمەتلىك كىتابنى نەگىدۇر ئىككى - ئۈچ غېرىچ كولاپ كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كىشىلەر بۇ كىتابنى ئىزدەپ ھەممە يەرنى ئىككى - ئۈچ غېرىچ كولاپ

چىقىپتۇ، بىراق كىتاب تېپىلماپتۇ. كولانغان بۇ يەرلەرگە ئانار، ئۈجمە، ئەنجۈر ئۇرۇقلىرىنى چېچىپتۇ، بۇ ئۇرۇقلار باھار پەسلىدە ئۈنۈپ چىقىپتۇ. يىللار ئۆتۈپ سەمەندەرنىڭ يۇرتى خۇددى ئارزۇ بېغىغا ئوخشاش مېۋىلەر مول گۈزەل باغقا ئايلىنىپ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇ يۇرتىغا «نەزەرباغ» دەپ ئات قويۇپتۇ. ئادەملەر ھەر يىلى باھار پەسلىدە ھېكـ-مەتلىك كىتابنى ئەسلەپ يەر ھەيدەيدىغان بوپتۇ. سەمەندەر-نىڭ يۇرتىدىكى بۇ ئاجايىپ ئىشلار پۈتۈن ئېقلىمغا ئاڭلىـ-نىپتۇ. ئىنسانلار شۇنىڭدىن باشلاپ ھېكمەتلىك كىتابنى ئىزدىشىپ يەرلەرنى ئاغدۇرىدىغان، كېيىن ئۇرۇق چېچىپ زىرائەت تېرىيدىغان ۋە مېۋە كۆچەتلىرىنى تىكىدىغان بوپ-تۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تېرىقچىلىق قىلىش ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن.

# كەنجى باتۇر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر شەھەر بولغانىكەن. ئۇ شەھەر پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇندىن يەتمىش ئوغلى بولۇپ، بىرمۇ قىز بالىسى يوق ئىكەن. دۇنيادەپىنە، مال ـ مۈلۈك، كالا ـ قوي پادىلىرىنىڭ ھېسابى بولمىغاچقا، شەھەرنىستان بويىچە بىردىنبىر غەمسىز كىشى ھېسابلىنىدىكەن، پۇقرالارمۇ خۇشال ـ خۇرام ياشايدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، شەھەر ئەھلى پادىشاھنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن.

«تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە» دېگەندەك، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ غېمى ئىككى ئىكەن: بىرى، يەتمىش ئوغۇل كەينى ـ كەينىدىن چوڭ بولۇپ، ياش قۇرامىغا يېتىپتۇ. ئۇلارنى ئۆيلەپ قوياي دېسە، يەتمىش ئۆيلۈك بىلەن قۇدا بولۇشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇنداق بولۇپ قالسا، قۇدىلار بىلەن باردى ـ كەلدى كۆپىيىپ، شەھەرنى باشقۇرۇش، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىشكە ۋاقىت چىقمىغۇدەك، شۇڭا

ئۆزىگە ئوخشاش يەتمىش بالىلىق، يەنە كېلىپ يەتمىشلىد-
سى قىز بالا بولغان ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇشنى ئويلايدى-
كەن. لېكىن، بۇنداق ئائىلە نەدىدۇ؟ يەنە بىرى، «كۆتۈرەل-
مىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، شەھەرنىڭ سۈيى ئۈزۈ-
لۈپ قېلىپ، قۇرغاقچىلىق دەستىدىن پۇقرالار قەھەتچىد-
لىكتە قاپتۇ. يېقىن ئەتراپتا سۇ مەنبەسى يوق ئىكەن، يې-
قىن دېگەنلىرىمۇ بەش ـ ئالتە ئايلىق مۇساپىنىڭ نېرىد-
سىدا ئىكەن.

بۇ ئىككى غەمنىڭ دەستىدىن پادىشاھ بېشىنى كۆتۈ-
رەلمەي قاپتۇ، ئورۇقلاپ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخانغا ئاي-
لىنىپتۇ. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئوردا ئۆلىمالىرىنىڭمۇ ئامالى
بولماپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەنجى ئوغۇل پادى-
شاھ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— شاھ ئاتا، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل شاھ ئاتىسىنىڭ
ئالدىدا تىزلىنىپ، — قارىسام كۈندىن ـ كۈنگە ياداپ
تۈگىشىپ كەتتىلە، سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرگەيلا، داۋاسى
تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

يەتمىش ئوغۇلنىڭ ئىچىدە كەنجى ئوغۇل تولىمۇ زې-
رەك، چېچەن، ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭدىشى يوق بولۇپ،
باتۇرلۇقتا يولۋاستىن قېلىشمايدىكەن، پادىشاھ ئۇنى ھەم-
مىسىدىن بەك ياخشى كۆرىدىكەن. پادىشاھ ئوغلىنىڭ دې-
گەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى
ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ دەپتۇ:

— ئوغلۇم، سەنلا ھەمىشە ھالىمغا يېتىسەن. بوپتۇ، دېسەم دەي، ئامال تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — شاھ شۇنداق دېگىنىدىن كېيىن، غەملىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىپتۇ، — ھەممىدىن ئېغىرى پۇقرالارنىڭ سۇسىز قال-غانلىقى. بۇنىڭغا مەن چىدىيالماي قالدىم. دەپ باقە، پۇقرا بولمىسا، شەھەر بولامدۇ؟ شەھەر بولمىسا، پادىشاھ دېگەن-نىڭ نېمە كېرىكى؟ پۇقرالارنىڭ ھالىغا يەتمىگەن مېنىڭ-دەك پادىشاھنى شاھ دېگىلى بولماس. شۇنداقمۇ، ئوغلۇم؟!

كەنجى شاھزادە دېگەنلىرى توغرا دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئېگىپتۇ ۋە بۇ غەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاھان كېزىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سە-ۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، جاھان كېزىشكە ئۆزىنى ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىپتۇ.

شاھ بۇ شاھزادىگە بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، باشقا شاھزادىلەرنى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئاتمىش توققۇز شاھزادىنىڭ ھېچقايسىسى كۆكرەك كېرىپ چىقالماپتۇ. ئاقىۋەت شاھ كەنجى شاھزا-دىگە ئىجازەت بېرىپتۇ.

كەنجى شاھزادە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، مەغرىب تامان مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كەزمىگەن چۆل - جەزىرە، ئاشمىغان تاغ - داۋان قالماپتۇ، بىراق بىرەر شەھەر تۇگۇل، يۇرت-مەھەللىمۇ ئۇچرىماپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بەل قويۇۋەتمەپتۇ، ئۇزۇق - تۈلۈكى تۈگىگەندە ئۆزى مىنىپ ماڭغان ئېتىنى

سويۈپ يەپتۇ، ئۇمۇ تۇگەپتۇ، ئاقنۋەت ئاچلىقتىن ماجالى قالماي ھالىدىن كېتىپتۇ. ھارغىنلىق ئۇنى ئۇيقۇ دەرياسىغا سۆرەپ كىرىپتۇ. ئۇ شۇنداق بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقاندا بىرى چاقىرىپتۇ:

— ئادەمزاتمۇسەن ياكى جىن؟

كەنجى ئوغۇل كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا بويى سەككىز گەز، توغرىسى قاپاق تېرەكتەك، ساقاللى بىر باغلام بېدىدەك بىر بوۋاي كۈلۈمسىرەپ تۇرغۇدەك. كەنجى ئوغۇل ئۈگۈممۇ ۋە يا چۈشۈممۇ دەپ ئويلاپ، دەرمەھەل گەپ قىلالماي قاپتۇ.

— ئەپتىڭدىن قارىغاندا ئادەمزات ئىكەنسەن. تەكتىڭ ئېسىلزادىگە ئوخشايدۇ. ئېيتە، ئوغلۇم، قانداقسىگە بۇ ياقلارغا كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

كەنجى ئوغۇل سەپەر سەۋەبلىرىنى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بوۋايغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ دەپتۇ:

— گېپىڭنىڭ ئۇزايىدىن قارىغاندا، سەن چىمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى نۇردۇن شاھنىڭ كەنجى شاھزادىسى ئىكەنسەن. ئاتا - ئانىڭنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسانلاشتۇرماققا بەل باغلىغان ئوغۇل تەگرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكۈسىدۇر. ئەمما، ئوغلۇم، سەن يامان يەردە ئۇخلاپ قاپسەن. بىلسەڭ، بۇ قۇملۇقنىڭ نامى تەكلىماكاندۇر. بۇ ياققا قەدەم باسقان ئادەم جېنىدىن يا تېنىدىن ئايرىلۇر. سەن ئاتاڭ ئۈچۈن

جاپا چېكىشكە رازى بولغاچقا ئامان قاپسەن. ھېلىمۇ ياخشى يولۇڭ ئوچۇق. ئەمدى سەن كۆنچىقىشقا قاراپ ماڭ. ئۇ ياقلاردا ئۇدۇن ئاتلىق بىر شەھەر بار. ئۇ يەرگە ئامان - ئېسەن بېرىۋالساڭ، مۇراد - مەقسىتىڭ ھاسىل بولغۇسى.

بوۋاي دەيدىغانلىرىنى دەپ بولۇپ، كەنجى شاھزادىگە: «مۇشكۇللۇككە يولۇقساڭ، مانا بۇ ئايەتنى ئوقۇغىن» دەپ، بىر ئايەتنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ھەمدە بىر نان، ئىككى شەمشەر تۇتقۇزۇپ قويۇپ غايىب بوپتۇ. كەنجى شاھزادە بوۋاي بەرگەن ناننىڭ يېرىمىنى يەپ قورسىقىنى توقلاپ، مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئارىدىن تالاي كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، كەنجى شاھزادە بوۋاي كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ، قورسىقى ئاچسا ھېلىقى ناننىڭ يېرىمىنىلا يەپ، يېرىمىنى خۇرجۇنغا سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇماپتۇ.



نانمۇ خورجۇنغا كىرىپلا پۈتۈن بولىۋېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل شۇ تەرىقىدە مېڭىۋېرىپ، بۇ چېتىدىن ـ ئۇ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز چوڭ بىر دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. دەريا سۈيى تاغ كەبى ئۆركەش ياساپ، ئاتتەك كىشنەپ تاشقىن ھاسىل قىلغىلى تۇرغانىكەن. كەنجى شاھزادە ئۇلۇغ سۇدىن قانداق ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقاندا، بىردىنلا سۇ ئاستىدىن تەگرىتېغىنىڭ بىر پارچىسىدەك بىر مەخلۇق بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھزادىنى دەم تارتىپتۇ. شاھزادە بىرلا قاراپ ئۇنىڭ ئەجدىھا ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئەجدىھا دەريادا توغرىسىغا يېتىۋېلىپ، شاھزادىنىڭ دادىسى نۇردۇن شاھنىڭ شەھىرىگە بارىدىغان سۇنى توسۇۋالغانىكەن. شاھزادە دەرغەزەپكە كەپتۇ ۋە بوۋاي بەرگەن ئىككى شەمشەرنى توغرىسىغا چىشلەپ، قورام تاشنىڭ ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ چاغ ئەجدىھانىڭ ئىككىنچى قېتىم دەم تارتىشى ئىكەن. كەنجى شاھزادە بىر تال غازاڭدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئەجدىھانىڭ ھاڭدەك ئاغزىغا ئۆرۈلۈپتۇ، ئۆرۈلۈپتۇيۇ، قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا شەمشەرنىڭ زەربىسىدىن قوغۇن تىلغاندەك تىلىنىپ ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ، شۇ ھامان جان تەسلىم قىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە دەريا قىرغىقىغا ئاچىقىپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ بېرىپتۇ. سۇ چىمەن شەھىرىگە قاراپ ھەيۋەت بىلەن غارقىراپ، كۈن نۇردا پارقىراپ ئېقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە شاھ ئاتىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن،

ئۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا خانىش ئانىسى بوينىغا ئېسىپ قويغان تىلتۇمارنى سۇ بىلەن ئېقىتىۋېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى نۇردۇن شاھتىن ئاڭلايمىز:

كەنجى شاھزادە جاھان كەزگىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇرغاقچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، پۇقرالار ھالىدىن كېتىپتۇ. نۇردۇن شاھ ئۇلارغا يېتەرلىك ئاشلىق، مال - مۈلۈك تەقسىملەپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەر سۇنىڭ ئورنىنى باسالماپتۇ. شاھ ئوردىسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالالماپتۇ. نۇردۇن شاھ دەرد - ئەلەمدىن ئاچچىق يۇتۇپ، ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. تېۋىپلار ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كۆزىنىڭ ئېقى بىلەن تىلىغا قاراپ: «شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ كېسىلىنىڭ داۋاسى سۇ» دەپتۇ. سۇدىن بولسا ھېچ خەۋەر يوقكەن. ئاتىسىنىڭ ئۇگشىلىپ كېتىشىگە كۆزى يەتمىگەن شاھزادىلەرنىڭ بىر دىنىلا نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە تۇيدۇرماي شاھلىق تاجىنى كىيىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ. چوڭ شاھزادە: «شاھلىقنىڭ ماڭا تېگىشىدە گەپ يوق، شۇنداقتىمۇ ئىنىلىرىمنى ئەپلەپ - سەپلەپ قوغلىۋەتمىسەم، ماڭا ياخشى كۈن بولماس» دەپ ئويلىسا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شاھزادىلەر ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپتۇ. باشقا شاھزادىلەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سوققان چوتى بار ئىكەن. شۇ ۋەجدىن شاھزادىلەر ئارازلاشقىلى تۇرۇپتۇ، خانىش ئانا جېدەل سوراپ ھارماپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر توپ سىغىنزخان ئوردا

مۇنارىغا قونۇپ زوق ـ شوق بىلەن يېقىملىق سايرىغىلى تۇرۇپتۇ، شاھزادىلەر چالما ئاتسىمۇ ئۇچۇپ كەتمەپتۇ. شەھەر خەلقى سېغىزخاننى ياخشىلىقنىڭ ئەلچىسى دەپ بىلگەچكە، ئوردا ئالدىغا يىغىلىپ سېغىزخانغا تەلمۈرۈپ قارىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا شاۋقۇن بىلەن سۇمۇ كېلىپ قاپتۇ. شادلىقتىن شەھەر خەلقىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. قىرلار ناغرا ـ سۇناي چالسا، ياشلار ئۇسسۇل ئويناپتۇ، بالىلار سۇغا چۆمۈلۈپ راسا پۇخادىن چىقىپتۇ. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار يېڭىۋاشتىن ياپراق چىقىرىپ، شەھەرنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. ماللارانلار شوخ مەرىشىپ، ئىگىلىرىنىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشۇپتۇ. نۇردۇن شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ تەختكە چىقىپتۇ. شاھزادىلەر چاندۇرماي ئوردىغا كىرىپ ئاتىسىغا سالام بېرىشىپتۇ ۋە كەنجى شاھزادىدىن بىرەر خەۋەر بار ـ يوقلۇقىنى سورىشىپتۇ.

ــ سۇنىڭ ئۆزى خەۋەر، ــ دەپتۇ نۇردۇن شاھ، ــ سىلەر شۇنىمۇ بىلمىدىڭلارمۇ؟

ــ شاھ ئاتا، سۇغۇ كەلدى، بىراق ئۇنى كەنجەمنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيمىز، ئۆزى نېمىشقا سۇ بىلەن بىللە كەلمىدى؟ ــ دەپ ناقايىللىقىنى بىلدۇرۇشۇپتۇ شاھزادىلەر. نۇردۇن شاھ ئۇلارنىڭ نادانلىقىغا كۈلۈپتۇ ۋە قويۇن يانچۇقىدىن سۇدا ئېقىپ كەلگەن تىلتۇمارنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ:

— بۇ ئۇنىڭ تەۋەررۇكى. ئۇ بۇنى ئەلچى سۇپىتىدە ماڭا ئەۋەتىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە سالام خەتمۇ بار تېخى.

نۇردۇن شاھ كېيىنگە ئۇلاپ خەتنى شاھزادىلەرگە سۇنۇپتۇ. چوڭ - كىچىك شاھزادىلەر خەتنى قولدىن - قولغا ئېلىپ، ئۇنى راستتىن كەنجى شاھزادىنىڭ يازغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ، ئىچىدە بولسا بىر پاتماندىن ھەسەت ئوتى يېنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، كەنجى شاھزادىنى بولۇشىغا ماختاپ، ئوردىدىن ھۇجرىلىرىغا قايتىشىپتۇ.

ئەمدى بىز كەنجى شاھزادىگە كېلەيلى:

پۈتكۈل شەھىرىستان ئەنە شۇنداق شادلىق ئىلكىدە يايراۋاتقان كۈنلەردە، كەنجى شاھزادە تالاي قۇم - دەشتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، مۇنار - مۇنار توپا تاغلىق ئاجايىپ - غارايىپ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. تەقدىرنىڭ قىسمىتى شۇ بولسا كېرەك، ئۇ ھارغىن ئاياغلىرىنى سۆرەپ تۆپىلىككە قاراپ يامىشىپتۇ، يامىشا - يامىشا ئاخىر يۇقىرى پەللىگە چىقىپتۇ، چىقىپلا ھەيران قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەر ئاغمىخانلار ماكانى بولۇپ، بويى تۆگىدەك، بوينى يەتتە غۇلاچ، تۇمشۇقى كاناردەك، پۇتى قاقشال تېرەكتەك بىر قۇش ئاغمىخانلارنى ئىككى قانىتى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، بىر باشتىن يېگىلى تۇرغانىكەن، ئاغمىخانلار بولسا زار - زار قاقشاپ تىپىرلاۋاتقۇدەك. كەنجى شاھزادە بۇ

ئالەمنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماپتۇ. كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلغىنى نېمىسى؟ ئۇ ياۋۇزنىڭ ئەدىپىنى بېرەي، دەپتۇ ــ دە، بوۋاي سوۋغات قىلغان شەمشىرنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، بېشىدىن يەتتە ئايلاندۇرۇپ قۇشنى چېپىپتۇ. شۇئان قۇشنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ ياردىن پەسكە قاراپ دومىلاپتۇ، تېنى لاسسىدە بىر ياققا قىڭغىيىپتۇ. ئاغمىخانلار دىكىلدىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ، كەنجى شاھزادىگە باش ئۇرۇپ، چورۇلىشىپ رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ياغدۇرۇشۇپتۇ.

پانىي ئالەمدە بارلىق مەخلۇقنىڭ ئۆز سەركەردىسى بولغىنىغا ئوخشاش، ئاغمىخانلارنىڭمۇ ئاقساقىلى بار ئىكەن، ئاقساقال ئۆز تەۋەسىدىكى جىمى ئاغمىخانلارنى باشقۇرىدىكەن. ئۇ كەنجى شاھزادىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەككە پۇقرا ئاغمىخانلارنى سەپكە تىزىلدۇرۇپ، ئېھتىرام بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن بىردىنلا ئادەمدەك زۇۋانغا كېلىپ سوراپتۇ:

ــ ئەلمىساقتىن بۇيان بىزنىڭ بوياقلارغا ئادەمزات ئاياغ باسمىغان، لېكىن سىلى قانداقسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىلا؟ قېنى، ئېيتسىلا، قانداق ئارزۇ ــ تىلەكلىرى بار؟ ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شاھزادە بولمىش كېلىنىلەرنى ئىزدەپ ئۇدۇن شەھرىنى كۆزلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاغمىخانلار ئاقساقىلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئېيتىپتۇ: مۇشۇ

پەسىل ئاغمىخانىلارنىڭ تازا كۆپىيىدىغان چاغلىرى ئىكەن. دەل ھەر يىلى مۇشۇ چاغدا ھېلىقى يىرتقۇچ قۇش كېلىدىكەن ـ دە، ئاغمىخانىلارنى يەپ كېتىدىكەن. بەختكە يارىشا ئۆزىنى دالدىغا ئالغانلىرى ياندۇرقى يىلىغىچە ماكانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۈرۈق قالدۇرۇپ ئاران ئۆلگۈرىدىكەن. ئەمدى ئۇلار كەنجى شاھزادىنىڭ ھىممىتىدە بالاـ قازادىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپتۇ. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاغمىخانىلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ.

— ھەي، ئادەملەرنىڭ ئېسىلى، ئاجىزلارنىڭ شەپقەتچىسى، — دەپتۇ ئاغمىخانىلار ئاقساقىلى بايا قۇيرۇقىدىن يۇلۇۋالغان بىر تال تۈكنى تەڭلەپ تۇرۇپ، — بۇنى ئېلىۋالسىلا، باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە كۆيدۈرسىلە، ھازىر بولىمىز. خەير، سەپەرلىرىگە ئاقىۋەت بولغاي.

كەنجى شاھزادە تۈكنى ئېلىپ شەمشىرىنىڭ دەستىسىگە چىگىپتۇ ـ دە، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كېچىسى چولپان يۇلتۇزنى نىشان قىلىپ، كۈندۈزى ئوڭ ـ سولىنى چەنگە ئېلىپ بىر كەم توقسان كۈندە بىر جايغا كەپتۇ. كەپتۇيۇ، شاھزادىنى سۇر بېسىپتۇ، چۈنكى بۇ يەردىكى چۈمۈلىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن باش قېيىپ، كۆڭۈل ئېلىشىدىكەن. بۇنى ئاز دەپ، چۈمۈلىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ شاھزادىنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. مىڭغۇيرەي دېسە، چۈمۈلىنى دەسسەپ تاشلىغۇدەك. شاھزادە ئۇلاردىن يول بېرىشنى

ئۆتۈنۈۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ھاۋا بۇزۇلۇپ قارا يامغۇر يې-
غىشقا باشلاپتۇ ـ دە، چۈمۈلىلەرنى ئېقىتىپ مېڭىپتۇ.
كەنجى شاھزادە كۆڭلىدە خۇشال بوپتۇ، بىراق چۈمۈلىلەر-
نىڭ ئاھ ـ زارىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتماي تۇرالماپتۇ. «بۇ-
مۇ تەڭرى ياراتقان مەخلۇقلارنىڭ بىرى، ــ دەپتۇ شاھزادە
يامغۇردا ئېقىپ كېتىۋاتقان لەكمىڭ ـ لەكمىڭ چۈمۈلىگە
قاراپ، ــ گەرچە ئۇلار يولۇمنى توسۇۋالغان بولسىمۇ،
يەنىلا قۇتقۇزۇپ قويغىنىم تۈزۈك.»
كەنجى شاھزادە شۇنداق ئويلاپتۇ ـ دە، شەمشىرىنى
چىقىرىپ ئاسمانغا قارىتىپ شىلتىپتۇ. شۇئان بۇلۇتلار
تۇزغاقتەك توزۇپ شامالغا يەم بوپتۇ، ھاۋا ئېچىلىپ كۈن
پارلاپتۇ، يەر ـ زېمىن شاپپىدە قۇرۇپ ئەسلىگە كەپتۇ.
چۈمۈلىلەر يىغىۋاشتىن ھاياتلىققا ئېرىشىپتۇ. ئۇلار بۇ
شاپائەتنىڭ بايا ئۆزلىرى يول بەرمىگەن ئادەمزاتتىن كەل-
گەنلىكىنى بىلگەنلىرىدە، خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرۈ-
شەلمەي قاپتۇ. ئاندىن قورسىقىنى ئاران سۆرەپ ماڭىدىغان
بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ ۋە بىر تال تىر-
نىقىنى يۇلۇۋېلىپ شاھزادىگە تەڭلەپتۇ، ۋاقتىنۇاق كېلىپ
تىرناقنى كۆيدۈرسە ئۆزلىرىنىڭ شاھزادىنىڭ يېنىدا پەيدا
بولۇپ، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيت-
تىپتۇ. كەنجى شاھزادە چۈمۈلە شاھىنىڭ بۇ سوۋغىتىنى-
مۇ ھەشقاللا دەپ ئاپتۇ. چۈمۈلىلەر ئۇنى ئۇزىتىپ قاپتۇ.
كەنجى شاھزادە شۇ ماڭغانچە ئاخىر ئۇدۇن شەھىرىگە

يىتىپ كەپتۇ ۋە بىر ۋەيرانە سارايغا چۈشۈپ ئارامىنى ئالماقچى بوپتۇ. بىركەمدە كۈن ئولتۇرۇپ، پۈتۈن شەھەر قاراڭغۇلۇق لىباسىنى كىيىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئوردا ئاسمىنىدا بىر تالاي ئاي پەيدا بوپتۇ. كەنجى شاھزادە زەن قويۇپ سانىغۇدەك بولسا، يەتمىش بىر ئاي چىقىپتۇ. ئايلارنىڭ بىرىدىن بىرى شۇنداق سۈزۈك، شۇنداق چىرايلىق ئىكەن. شاھزادە ھەيران بولۇپ سارايۋەندىن سوراپتۇ، سارايۋەن چۈشەندۈرۈپ دەپتۇ:



— ئايلارنىڭ ئىچىدىكى قاپ ئوتتۇرىدا تۇرغان بىرىلا ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسانلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن راست ئاي. قالغان يەتمىشى شاھىمىزنىڭ مەلىكىلىرىنىڭ سىيماسى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ خۇشلۇقتىن يۈرەك-لىرى يايراپ كېتىپتۇ.

— ئاخىر تېپىپتىمەن، تېپىپتىمەن، مۇرادىم ھاسىل بوپتۇ، — دەپتۇ شاھزادە يېنىش - يېنىشلاپ. سارايۋەن ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمەي سوراپتۇ:

— تاپقىنىڭ ئالتۇنمىدۇ ياكى كۈمۈش ۋە يا بولمىسا جەبىر - جاپا ھەم نومۇس؟

— تاغا، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دەپتۇ شاھزادە.

سارايۋەن جاۋاب ئورنىغا ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ قو-يۇپ، ئاسمانغا بىر ھازا تىكىلىپتۇ، ئاندىن كەنجى شاھزا-دىنى ئارقىسىغا سېلىپ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئەي نادان يىگىت، — دەپتۇ سارايۋەن سېپىل قوۋۇقلىرىنى كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭغا قارا، سەندەكلەرنىڭ ئاقىۋىتى تۇرۇپتۇ مانا.

كەنجى شاھزادە بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىغاندە-كەن، كۆزىگە سانسىز قۇرۇق ئادەم كاللىسى كۆرۈنۈپتۇ. كاللىلار ئايرىم - ئايرىم قەپەسكە قاچىلىنىپ، قوۋۇقلارغا ئېسىپ قويۇلغانىكەن. سارايۋەن چۈشەندۈرۈپ دەپتۇ:

ــ بۇلارنىڭ بەرى سېنىڭدەك ھاماقەتلەرنىڭ كاللىسى. ئۇلارمۇ ھايات چېغىدا ساڭا ئوخشاش شاھىمىزنىڭ ئاي سۈرەتلىك مەلىكىلىرىگە ئاشىقى بىقارار بولغان، ئاقىۋەت جېنىدىن ئايرىلىشتى. شاھ ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇلار-نىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېسىپ قويدى. سېنىڭمۇ بۇ شەھەردىن چاپسانراق كېتىۋالغىنىڭ تۈزۈك.

سارايۋەننىڭ جاۋابىدىن يەنە شۇلار ئايان بوپتۇكى، ئۇ-دۇن شەھىرىنىڭ پادىشاھى قەمەردىن شاھنىڭمۇ يەتمىش پەرزەنتى بولۇپ، ھەممىسى قىز ئىكەن. قىزلار ۋاقتى-سائىتى كېلىپ بويىغا يېتىپتۇ. ئۇلار رەڭگى ـ رۇخسار، ھۆسن ـ جامالدا بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىكەن. بۇ خە-ۋەر جاھانغا پۇر كېتىپتۇ، يىراق ـ يېقىندىن ئەلچىلەر يېغىپ كېتىپتۇ. قەمەردىن شاھ دەسلەپ ئۇلارنىڭ بىرىنى كەمبەغەل، بىرىنى يات ئەللىك ساناپ ماقۇل كۆرمەپتۇ، كېيىن قورسىقىغا جىن كىرىپ، قىزلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ بايلىق توپلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شاھ ئاۋۋال قىزلىرىنى ئارامباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، ئاندىن باغنىڭ تۆت تېمىغا جاھان ئەينىكى بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ سىيماسىنى ئەينەك شولىسى ئارقىلىق ئوردا ئۈستىگە چۈشۈرۈپتۇ، كېيىنچە ئاسماندىكى ئاي قاتارىغا تىزىپ قويۇپتۇ. كەلگەن ئەلچىلەر ئۇلارنىڭ ئاي جامالىنى كۆرۈپ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىد-دىكەن ـ دە، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ، شاھ

ھۇزۇرىغا كىرىپ تەلىپىنى قويۇشىدىكەن. ئاچ كۆز شاھ ئۇلار ئەكىرگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ قېلىپ، ئۈچ شەرت قويىدىكەن. بۇ شەرتلەر بىرىدىن بىرى ئېغىر بول- غاچقا، يىگىتلەر ئورۇندىيالماي بىر ـ بىرلەپ كالىلىسىدىن ئايرىلىدىكەن. قوۋۇقتىكى كاللىلار مانا مۇشۇ تەرىقىدە يىغىلغانىكەن.

كەنجى شاھزادە سارايۋەننىڭ ئۆزىنى كېتىشكە ئالدى- رىتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپتۇ، شۇنداقتىمۇ بەخت ـ تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

ــ تاغا، مەنمۇ ئورۇنۇپ باقاي دەيمەن. خۇش بولۇپ كې- تەي، قەمەرىدىن شاھنىڭ ئۈچ شەرتىنى ئېيتىپ بەرسىلە.

ــ بۇنى سورىمايلا قوي، ئوغلۇم. بۇ شەرتلەرنى شاھ- نىڭ ئۆزى، ئاندىن قالسا مەلىكىلەردىن ئۆزگە بۇ شەھەردە ھاياتلاردىن بىلىدىغانلار يوق. ناۋادا ئۆلگۈڭ كەلگەن بولسا، قەمەرىدىن شاھنىڭ ئۆزىدىن سورا، لېكىن ئۇ سېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇڭنى كۆرۈپ، گەپ سورىمايلا ئۆلۈمگە بۇيى- رۇۋېتىدۇ، مۇنداقلار كۆپ بولغان.

ــ ئەمىسە قانداق قىلاي، تاغا؟ ــ ياندۇرۇپ سوراپتۇ شاھزادە. سارايۋەن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مەسلى- ھەت بېرىپ دەپتۇ:

ــ قارىغاندا، پەيلىڭدىن يانمىغۇدەكسەن. ئامالىڭ بول- سا مەلىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرگىن، ئۇلار سېنىڭ ھالىڭغا يېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار سارايغا قايتىپتۇ. شاھزادە ئۆز ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپتۇ، بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ئاغمىخان ئاقساقىلى سوۋغا قىلغان بىر تال تۈك كېلىپتۇ. ئۇنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. شۇئان بىر ئىسسىق سەلكىن شامال كۆتۈرۈلۈپ، ئاغمىخانلار ئاقساقىلى شاھزادىنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. شاھزادە يولۇققان مۈشكۈلاتنى بايان قىلغانىكەن، ئاغمىخانلار ئاقساقىلى:

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. خاتىرجەم بولغايلا، شەپقەتچىم، — دەپتۇ ۋە ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ چىرقىراپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بېسىقماي تۇرۇپ، پۇقرا ئاغمىخانلار يېتىپ كېلىپتۇ - دە، كېچىلەپ سارايدىن ئارامباغقا قارىتىپ لەخمە كولاپتۇ. لەخمىنىڭ بىر ئۇچى چوك مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا تۇتاشتۇرۇلۇپتۇ.

كەنجى شاھزادە يۇيۇنۇپ - تارىنىپ جابدۇنۇپ، لەخمىگە كىرىپتۇ ۋە ھايال ئۆتمەي چوك مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپتۇ. شاھزادە جاھان ئەينىكىگە قاراپ، ئۆزىنى ياساۋاتقان پەرى يۈزلۈك، خۇمار كۆزلۈك نازىنىننى كۆرۈپ ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىلىپتۇ - دە، تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەلىكىنىڭ تۆشىكىدە ياتقانلىقىنى، مەلىكىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ.

— ئەي يىگىت، ئادەممۇسەن ياكى جىن؟ ۋە يا بولمىسا تەڭرىنىڭ ئەلچىسىمۇ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قال-

دىڭ؟ ــ دەپتۇ مەلىكە شاھزادىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ.

كەنجى شاھزادە كۆرگەن ـ بىلگەن، ئاڭلىغان ـ ئىدـ شتكەنلىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئېيتىپ كېلىپ، مەقـ سىتىنى دەپتۇ. مەلىكە تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ. مەلىكىلەرمۇ دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئادەمزاتتىن ئايرىپ قويغىنىغا نارازى ئىكەن، شۇڭا چوڭ مەلىكە ئىككىلىنىپ تۇرمايلا بۇ خەۋەرنى سىڭىللىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار كەنجى شاھزادىنى مەي ـ شارابلار بىلەن مېھمان قىلىپ بولۇپ، دادىسىنىڭ ئۈچ شەرتىنى ئاشكارىلاپتۇ. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرـ رى، ئوردىدا چوڭلۇقى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىن قېلىشـ مايدىغان، مىڭ بىر پۇتلۇق، ئاجايىپ سىرلىق بىر كۆتەك بولۇپ، ئۇنى قەمەردىن شاھ كۆرسەتكەن پالتا بىلەن بىرـ نى ئۈزۈپ يەتتە پارچە قىلىۋېتىش؛ يەنە بىرى، يەتتە تاغار قومغا يەتتە تاغار تېرىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنىكەن، ئۇنى ئۈچ كونلۇك مۆھلەت ئىچىدە ئايرىپ، قومنى باشقا، تېـ رىقنى باشقا تاغارغا قاچىلاش؛ ئۈچىنچىسى، ئۇدۇن شەھەـ رىنىڭ مەشرىق تەرىپىدىكى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاملىرى ئالتۇندىن، تەخت ـ راۋاقلىرى لەئەل ـ ياقۇتتىن بىر جۈپ چاربېغى بار ئوردا بەرپا قىلىش ئىكەن. بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلالىسا، مەلىكىلەرنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدىكەن. مەلىكىلەر دەپتۇ:

ــ شەرتقۇ شۇ. بۇ شەرتلەرنى سېنىڭمۇ ئورۇندىيالىـ

شىڭغا كۆز ىمىز يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە چىرايلىقچە كېتىۋالغىنى يېگىت.

ــ ياق ! ــ دەپتۇ كەنجى شاھزادىمۇ بوش كەلمەي، ــ كەتمەيمەن، شاھ داداڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن. يا ئۇ سىلەرنى ماڭا قوشۇپ قويىدۇ، يا جېنىمنى ئالىدۇ شۇ. مەن ماڭدىم، ئەمىسە.

كەنجى شاھزادە مەلىكىلەرگە باش ئېگىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. مەلىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ.

ئىككى تەرەپ كۆز قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشىپتۇ. ئاڭغىچە ھەر ئېھتىمالنى دەپ سارايۋەن بوۋاي بىر خۇرجۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش تەييارلاپ قويغانىكەن. كەنجى شاھزادە بوۋايغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، خۇرجۇننى يۈدۈپ ئوردىغا قاراپ قەدەم بېسىپتۇ. بۇ تېخى سەھەر بولۇپ، كەنجى شاھزادە ئوردىغا كەلگەنلەرنىڭ تۇنجىسى ئىكەن. قەمەرىدىن پادىشاھ بۇنداق چاغدا قىزلىرىغا خېرىدار بولۇپ كەلگەنلەرنى گەپ ـ سۆزسىز ئوردىغا يالاپ ئەكىرىشنى بەلگىلىگەچكە، ياساۋۇللار شاھزادىگە ئىچ ئاغرىتىشمۇ ئېغىزلىرىدىن چىقىرالماي، شاھ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

شاھ سەلتەنەتلىك تەختتە ئولتۇرۇپ شاھزادىنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇمۇ شۇ كەمگىچە مۇنداق قەددى ـ قامەتتى كېلىشكەن يىگىتنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىكەن، شۇڭا بىرپەس

سۇكۇتتە ئولتۇرۇپ، بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ ھۆسن ـ جا-
مالىنى تاماشا قىپتۇ ۋە بىردىنلا ئۇنىڭمۇ ئۆز قولىدا قەتل
قىلىنىدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، شاھزادىنى رايىدىن قاي-
تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ. شاھزادە بولسا ئۆز تەلىپىدە
چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە، — دەپتۇ
شاھ ئاخىر بولماي ۋە ئۈچ شەرتىنى بىرمۇبىر دەپ بولۇپ،
شاھزادىنى ھويلىغا باشلاپ چىقىپتۇ، ئاندىن، — سەن يا-
رىدىغان كۆتەك مانا شۇ، ئاۋۇ پالتىدىن خالىغان بىرىنى
تاللىۋال، — دەپتۇ بىر ياققا قاتار تىزىپ قويۇلغان پال-
تىلارنى كۆرسىتىپ.

كەنجى شاھزادە ئىككىلەنمەيلا قاپ ئوتتۇرىغا تىزىقلىق
پالتىدىن بىرنى ئاپتۇ. بوۋاي ئۆگىتىپ قويغان ئايەتنى
ئوقۇپ شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى سېھىر-
لەپ قويۇپ، پالتىنىڭ ئورنىغا شەمشىرنى ئىشلىتىپ



كۆتەكنى يەتتە پارە قىلىۋېتىپتۇ. كۆتەك پارە - پارە بولۇش بىلەن تەڭ قايسى زامانلاردىدۇر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان پاتمان - پاتمان ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇتلار شارىلداپ تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھنىڭ كۆزلىرى شادلىقتىن پارقىراپ كېتىپتۇ.

كەنجى شاھزادە ئەمدى ئىككىنچى شەرتنى ئورۇنداشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. ئۇ چۈمۈلە شاھى تەقدىم قىلغان تىرناقنى كۆيدۈرۈپتۇ. ھايال ئۆتمەي چۈمۈلىلەر خۇددى لەشكەرلەردەك سەپ تارتىپ پەيدا بوپتۇ. شاھزادە ئەھۋالنى بايان قىلىپ كېلىپ، بولسا شۇ كۈنىلا قۇم بىلەن تېرىقنى ئايرىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— بونداق ئۇششاق - چۈششەك مەشغۇلاتلار بىزنىڭ كەسپىمىز، ھەممىگە ئاياندۇر بۇ توغرىدىكى تەپسىلاتىمىز، قېنى قۇم قاچىلانغان تاغار، تېزرەك كۆرسەتكەيلا، شەپقەتىچىمىز، — دېيىشىپ پەرمانبەردار بوپتۇ چۈمۈلىلەر.

كەنجى شاھزادە ئۇلارنى تاغارنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. چۈمۈلىلەر ئولىشىپ بىردەمدىلا قۇمنى ئۇياققا، تېرىقنى بۇياققا ئايرىپ تاغارلارغا قاچىلاپ بېرىپتۇ. قەمەرىدىن شاھ بۇنىڭدىنمۇ رازى بوپتۇ، بىراق ئىچىدە شاھزادىدىن ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم ئۇنىڭ ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇندىيالماسلىقىنى ئۈمىد قىپتۇ، چۈنكى ئاخىرقى شەرت ئورۇندىلىپ قالسا، پادىشاھ ھەر كۈنى يىگىتلەردىن كېلىپ تۇرىدىغان ئالتۇن - كۈمۈشتىن قۇرۇق قالىدىكەن. شۇڭا،

ئۇ دەرگۇماندا غەمگە پېتىپ، ئاچچىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

دېمىسىمۇ، دىڭىز ئۈستىدە ھەشەمەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش خىيالىي چۆشتەكلا بىر ئىش ئىكەن. كەنجى شاھزادە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە ھېچ يېتەلمەي، مەلىكىلەردىن مەسلىھەت ئالماقچى بوپتۇ. مەلىكىلەر بۇنىڭمۇ ئامالىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. كەنجى شاھزادە چوڭ مەلىكە بەرگەن ئۈچقۇر ھاسىغا مىنىپ، ئال-تە ئايلىق سەپەرنى بىر كۈندىلا بېسىپ كۆھىقاپقا يېتىپ كەپتۇ. بۇ بىر تاغ ئۆڭكۈرى بولۇپ، جاھاندىكى دىۋىلەر مۇشۇ ماكاندا ياشايدىكەن. كەنجى شاھزادىنىڭ كىرىش يو-لىنى ئۆمۈچۈك توسۇۋاپتۇ. شاھزادىمۇ بوش كەلمەي، شەم-شىرى بىلەن ئۆمۈچۈك تورىنى كېسىپ تاشلاپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دىۋىلەر ئۇۋىسىغا بېسىپ كىرىپتۇ. چوڭ مەلىكە دېگەندەك، بۇ چاغ دىۋىلەرنىڭ ئويۇ-قۇ مەزگىلى ئىكەن، ئۇلار كەنجى شاھزادىنىڭ تىۋىشىنى سېزەلمەپتۇ. شاھزادە پەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، دىۋىلەرنىڭ جېنى قاچىلانغان شىشىنى ئېلىۋاپتۇ. دىۋىلەر شۇئان ئويې-غىنىپ، يىلان كەبى تولغىنىپ ئورنىدىن تۇرالماي قېلى-شىپتۇ، ياۋۇزلۇقتا مادارى يەتمەي يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. شاھزادە دىۋىلەر ئۇدۇن شەھىرىنىڭ يېنىدىكى دىڭىز ئۈس-تىگە قەمەرىدىن شاھ ئېيتقاندەك بىر شاھ ئوردىسى سېلىپ بەرمىگۈچە جان قاچىلانغان شىشىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان-

لىقىنى ئېيتىپتۇ. دېۋىلەر شاھى ماقۇل كۆرۈپ، قەسەم ئىچىپ ۋەدە قىپتۇ، شۇنداقتىمۇ شاھزادە دېۋىلەر شاھىنىڭ جېنىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. پۇقرا دېۋىلەر ئۆز شاھى ئۈچۈن پىداكارانە ئىشلەلەپ، شاھزادە كۆرسەتكەن ئورۇنغا بىر سېھرىي شەھەر ياساپتۇ. قەمەرىدىن شاھقا بۇ شەھەر شۇنداق ياراپ كېتىپتۇكى، شۇ كۈنىلا كۆچۈپ بېرىپتۇ ۋە كەنجى شاھزادىنى ئوردىغا چاقىرتىپ، نۇردۇن شاھ بىلەن قۇدىلىشىشقا رازى بولغانلىقىنى، شاھزادىنىڭ دادىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈشنى ئۇقتۇرۇپتۇ، نۆكەرلىرىدىن ئوننى شاھزادىگە قوشۇپ يولغا ساپتۇ.

نۇردۇن شاھ كەنجى شاھزادىنىڭ يولىغا قاراپ تەلمۈرۈپ، كەلمىگەنسېرى ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەنىكەن. ئوغلىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قەۋەت خۇش بوپتۇ، بېشىدىكى غەم بۇلۇتلىرىمۇ تارقىلىپ، چىرايى بولەكچىلا ئوڭلىنىپ قاپتۇ. قەمەرىدىن شاھنىڭ يەتمىش مەلىكىسىنى ئۆزىگە كېلىنلىككە بەرمەكچى بولغىنىنى ئاڭلىغاندا بولسا، كەنجى شاھزادىنى باغرىغا بېسىپ، يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپ: «رەھمەت ساڭا، ئوغلۇم، سەن ئەسلىدە كەنجى باتۇر ئىكەنسەن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر كەنجى شاھزادىنى «كەنجى باتۇر» دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، نۇردۇن شاھنىڭ بۇياقتىن، يەتمىش

مەلىكىنىڭ ئۇياقتىن غەم ـ غۇسسىسى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى شاھ پۈتۈشۈپ، پۇقرالىرنى ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەكلىپ قىلىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. نۇردۇن شاھنىڭ يەتمىش ئوغلى ياش قۇرامىغا بېقىپ، قەمەردىن شاھنىڭ يەتمىش مەلىكىسىنىڭ ياش قۇرامى بويىچە ئۆيلەك ـ ئوچاقلىق بوپتۇ.



## سەنگۇسۇلاتاش

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى غەرب بىلەن شەرق-نىڭ ئارىلىقىدا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئۇ يۇرتنىڭ بىر شەھەرىدە بىر بوۋايغا يالغۇز قىز نەۋرىسى ھەمراھ بولۇپ ياشايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆ-تۈپتۇ، بوۋاينىڭ قىزى ئوقۇش يېشىغا يېتىپتۇ. شۇ كۈن-لەرنىڭ بىرىدە، بوۋاي قىزىغا:

— قىزىم، سەن موللىغا بارغۇدەك بولۇپ قالدىڭ. مولىغا ئاپىرىپ قوياي، تەلىم ئالغىن، — دەپتۇ. بۇ سۆز-نى ئاڭلىغان قىز خۇشاللىقىدىن چاچلىرىنى تال - تال ئۆرۈپ، مولىغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار مول-لىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. موللام ئۇلارنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈپ، قىزنى ئېلىپ قېلىپ، بوۋاينى يولغا سېپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى قىز ئۆزى يالغۇز مولىغا بېرىپتۇ. موللام ئۇنى:

— كەل، تەلەيكەش بىدىماق، مەيەردە ئولتۇر، — دەپ ئىشىكنىڭ كەينىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، باشقا باللار-

نى بولسا، — كېلىڭلار، بالىلىرىم، تۆرگە چىقىڭلار، — دەپ ئىززەتلەپتۇ. بۇ ئال قىزغا ئار كېلىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ قىز موللىسىنىڭ ئۆي، هويلا - ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تىنىم تاپماي ئىشلەپتۇ، لېكىن موللىسى مۇئامىلىسىنى هېچ ئۆزگەرتمەپتۇ. قىز يەنىلا كۈندىكىدەك ئىشىكنىڭ كەينىدىن بېرى كېلەلمەپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قىزنىڭ موللىغا بېرىش رايى يېنىپتۇ. قىز بىر كۈنى بوۋىسىدىن:

— بوۋا، مەن موللىغا بارمىسام، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. بوۋاي قىزنىڭ سۆزىگە هەيران بولۇپ:

— قىزىم، موللىغا نېمىدەپ بارمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بوۋا، موللام باشقا بالىلار كەلسە: «كەل، بالام» دەپ تۆرگە چىقىرىپ قويىدۇ، مەن بارسام: «كەل، تەلەيكەش بەدبماق، ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆت!» دەپ ئىشىكنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ قىز.

قىزنىڭ كۆز ياشلىرىدىن بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ، لېكىن موللىغا گۇناھ ئارتقۇسى كەلمەي:

— قىزىم، بۈگۈن موللىغا بارغىن، بېرىپ موللاڭدىن دۇئا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ يولغا سېپتۇ، ئۆزى قىزنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئەھۋالنىڭ قىز ئېيتقاندەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىمۇ يېرىم بوپتۇ، قىزنى بۇ موللىدىن

باشقا بىر موللىغا بېرىپ ئوقۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ، قايتىپ كېلىپ، قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. قىز كەچتە قايتىپ كەلگەندە:

— قىزىم، سەن ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرمىساڭ بولمايدۇ. سېنى باشقا بىر شەھەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتاي، — دەپ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. قىز پەقەت بۇۋىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا باشقا موللىغا بېرىپ ئوقۇشقا قوشۇلۇپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ يول تەييارلىقى قىلىپ، بىر تۆگىگە يېمەك - ئىچمەك ئارتىپ، بىر تۆگىگە مىنىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. شۇنداق يۈرۈپ، بىر ئاي بىر ھەپتە ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە، يول ئۈستىدە چوڭ بىر ساراي ئۇچراپتۇ. ئۇ سارايىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. ساراي ئىچىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەرخىل - ھەر رەڭدىكى گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ ئەتراپنى بىر ئالغان، ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان. قىز بۇ ھالدىن ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ - دە، گۈلگە مېھرى باغلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ گۈل ئۈزۈۋېلىش ئىشتىياقى قوزغىلىپ، بوۋىسىغا يېلىنىپ:

— بوۋا، شۇ گۈللەردىن بىر تال ئۈزۈۋالسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بولمايدۇ، كىشىنىڭ سارىيىدىكى گۈلنى ئۈزسەڭ،

ئېگىسى كۆرسە خاپا بولىدۇ، ــ دەپتۇ بوۋاي. قىز بوۋىسىغا تېخىمۇ يالۋۇرۇپ:

ــ بوۋا، بىر تاللا ئۈزۈۋالسام بولىدى، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بوۋاي قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

ــ بوپتۇ، ئۈزۈۋالغىن، ــ دەپتۇ. قىز خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ ساراي ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەتراپقا قارىسا ئادەمزات كۆرۈنمىگۇدەك. ئۇ گۈللەرگە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا بوۋىسىنىڭ:

ــ قىزىم، تېز بولغىن! ــ دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېسىنى يىغىپتۇ. ئاندىن گۈلنى ئۈزمەكچى بولۇپ گۈلگە قول ئۇزىتىپتۇ، گۈلنىڭ چىرايلىقلىقى بىر تەرەپتىن قىزنىڭ گۈل ئۈزۈش ھەۋىسىنى باسقاندەك قىپتۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن گۈلنى ئۈزمەي كېتىشكە كۆڭلى قىيىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن گۈلدىن بىر تال ئۈزۈپتۇ، ئەمما قانائەت ھاسىل قىلماپتۇ، شۇڭا ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە بىرنەچچە تال گۈل ئۈزۈپتۇ. شۇ چاغدا سارايىنىڭ دەرۋازىسى «غارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېتىلىپ قاپتۇ. ساراي تېمى تېخىمۇ ئېگىزلەپ، ئۈستىگە كۆز يەتكۈسىز ھالغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن قىزنى ۋەھىمە بېسىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ. قىز كېلىپ دەرۋازىنى ئىتتىرىپ بېقىپتۇ، ئۇرۇپ بېقىپتۇ، ھېچبىر تەۋرەنمەي تۇرغۇدەك، ئاخىر زار ـ زار يىغلاپ ـ قاقشاپتۇ. بوۋايمۇ

سىرتتا تۇرۇپ دەرۋازىنى ئېتىۋېتىپتۇ، قېقىپتۇ، ھېچبىر
ئۈمىد بولمىغاچقا قىزنىغا قوشۇلۇپ خۇدادىن ئىلتىجا
تىلەپ زار ـ زار يىغلاشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يىغا ـ



زار، داد ـ پەريادلىرى ھېچبىر جاۋابقا مۇيەسسەر بولالماي ئاربدىن بىر ھەپتە ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ:

— خوش، قىزىم، گۈلنى ئۈزمىگىن دېسەم ئۇنىمىدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم، قىيامەتتە كۆرۈشەرمىز، — دەپ زار ـ زار يىغلاپ، قان يۇتۇپ، قىزى بىلەن خوشلىشىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئاپتۇ. بوۋاي ئۆز يولىغا مېڭىپ تۇرسۇن.

قىز بوۋىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە بىر ھەپتە ئۈچ كۈن يىغلاپ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتۇپتۇ، دەرۋازىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ساراي ئىچىگە قاراپ بىر ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىز ئىشىك تەرەپكە مېڭىپتۇ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پەرۋەردىگارىم، ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپ كۆزىنى يۇمۇپ بىر ئۆينىڭ بوسۇغا ئىچىگە پۇتىنى ساپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ تۆرىدە تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە پاقلاندەك چوڭلۇقتىكى بىر مۈشۈك كۆزلىرىنى مۆلىيىملىق بىلەن يېرىم ئېچىپ سوزۇلۇپ ياتقۇدەك. قىز مۈشۈككە يېقىن كېلىپ:

— يارەھمان، سەنمۇ خۇدانىڭ بىر جانىۋىرى، — دەپ مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنى بىر سىلىغانىكەن، مۈشۈك ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا «شاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن

تەڭ بىر چاڭگال ئاچقۇچ كۆرپە ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ. مۈشۈك ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

قىز ئاچقۇچلارنى قولىغا ئېلىپ ساناپ كۆرسە، ئو-شۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس دەلمۇدەل قىرىق بىر تال ئالتۇن ئاچقۇچ ئىكەن. قىز ئاچقۇچنى تۇتقىنىچە ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ. شۇ چاغدا قىز غەربىي تامدىكى ئالتۇن قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكنى كۆ-رۈپتۇ. قىز بېرىپ قۇلۇپقا بىرىنچى ئاچقۇچنى سالغاند-كەن، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئايھاي! ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى خۇددى ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇن، ئۈنچە - مەرۋايىت، لەئەل - ياقۇت كانىنىڭ ئى-شىكى ئېچىلغاندەكلا تۇيۇلۇپتۇ. قىز ئۇ نەرسىلەردىن كۆز ئۈزۈپ ئالدىغا قارىغانىكەن، يەنە بىر قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكنى كۆرۈپتۇ. قىز قۇلۇپقا يەنە بىر ئاچقۇچنى سالغا-نىكەن، ئىشىك يەنە ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى قىز ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بۇ ئۆيدىكى بايلىقلار بىرىنچى ئۆيدىكى بايلىقلارنىڭ جەۋ-ھىرى يىغىلغاندەكلا ئېسىل ئىكەن. قىز بۇلاردىنمۇ كۆز ئۈزۈپ يەنە بىر قۇلۇپنى كۆرۈپتۇ. قىز بۇ قۇلۇپقىمۇ ئاچ-قۇچ سېپتۇ، ئۈچىنچى ئىشىكمۇ ئېچىلىپتۇ... شۇنداق قى-لىپ، قىز قولىدىكى قىرىق بىر تال ئاچقۇچ بىلەن قىرىق بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئەڭ ئاخىردا تاملىرىغا ھەر رەڭ - ھەر خىل نۇسخىدىكى گىلەملەر تارتىلغان، پادىشاھلارنىڭ

خاس ھۇجرىسىدەك جابدۇلغان ئازادە بىر ئۆيگە چىقىپ قاپتۇ. قىز قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نەچچە قات مامۇق كۆرپە ئۈستىدە ياتقان بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق ھەم سۈزۈك، قاش ـ كىرپىكلىرى قىياقتەك، بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان، سەرۋى قامەتلىك بىر



يىگىت ئىكەن. قىز يىگىتنى بىر كۆرۈپلا: «ئاھ !» دەپ ئۇنىڭ قولىنى سول كۆكسىگە چىڭ بېسىپ، يىگىتنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئولتۇرغانچە بىر ھەپتە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر يىگىتنىڭ ئاستىغا سېلىنغان ماھۇت كۆرپىدە قىزنىڭ تىزىغا پېتىپ ئاغرىغاندىلا ئېسىگە كېلىپ، ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، يىگىتنىڭ ياستۇقى ئاستىدىكى تۇمارنى كۆرۈپتۇ. ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تۇمارغا: «يىگىتنى قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز يەلپۈسە ئويغىنىدۇ، كىمدەكىم ئويغاتسا، يىگىت شۇنىڭ بولىدۇ !» دەپ پۈتۈلگەنىكەن. قىز: «ئۆز ئايىغىم بىلەن بۇ يەرگە كەلگىنىمگە قارىغاندا خۇدا مېنىڭ پېشانەمگە مۇشۇنى پۈتكەن ئوخشايدۇ» دەپتۇ ـ دە، يىگىتنىڭ بېشىدىكى قۇش قانىتىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچنى ئېلىپ يىگىتنى يەلپۈشكە باشلاپتۇ. يەلپۈگەنىدىمۇ بەش ھەپتە بەش كېچە ـ كۈندۈز يەلپۈپتۇ. شۇ كۈنى قىز يىگىتنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ كېتىپتۇ. قىز ئۇستىۋىشىنىڭ مەينەتلىشىپ، چاچلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئادەم سىياقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مېنى بۇ ھالدا كۆرسە ئالۋاستىمۇ قورقۇپ كەتمەمدۇ، ياردەملىشىدىغان بىرەرى بولغان بولسا ئۇستىۋېشىمدىكى كىر ـ قاتلىرىمنى ئادالىۋەتكەن بولسام بولاتتى، دەپ ئويلاپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. ھويلىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، تامغا يۆلەپ

قويۇلغان شوتا تۇرغۇدەك. قىز شوتا ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغانىكەن، سارايىنىڭ كەينىدە توققۇز ئوغرى بىر ئايالنى «مەن ئالىمەن !» دېسە، «مەن ئالىمەن !» دەپ بىر ـ بىرى بىلەن تارتىشىۋاتقانلىقىنى، ئايالنىڭ ئوغرىلارنىڭ قولىدا پارە ـ پارە بولۇپ كېتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالغا ئىچى ئاغرىپ:

ــ ھەي ئاكىلار، بۇ بىچارە ئايالنى مۇشۇنداق تالاش-ساشلار ھېچقايسىڭلار ئالالماي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ قۇرۇق قول قالىسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا ئوتتۇز تەڭگە سېتىپ بېرىڭلار، ــ دەپتۇ. قىزنىڭ سۆ-زىنى ئاڭلىغان ئوغرىلار بىكاردىن كېلىدىغان ئوتتۇز تەڭ-گىنى ئېلىشقا ئالدىراپ، تېزلا ماقۇل بوپتۇ. قىز ئۆگزى-دىن چېچىنى تاشلاپ ئايالنى تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، ئوغ-رىلارغا ئوتتۇز تەڭگىنى تاشلاپ بېرىپتۇ.

قىز ئايالنى يىگىت ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ:

ــ سىز ھازىرچە بۇ يىگىتنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ تۇ-رۇڭ، مەن ئۇستىۋېشىمنى تازىلىۋالاي، ــ دەپ ئايالغا جې-كىلەپ ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. قىز تازىلىق قىلىپ ئولتۇرۇپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىمىغاچقا، قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەمدى قىز ئۇخلاپ تۇرسۇن، گەپنى ئايالدىن ئاڭلايلى:

قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايال ئۆلۈمدىن قۇ-تۇلۇپ قالغانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۆيدىن سىرتقا چىقماي

يىگىتنى يەلپۈپتۇ، كەچ كىرىپتۇ، يەنە يەلپۈپتۇ.... بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتقان چاغدا يىگىت: «ئۇھ ! ئەجەبمۇ ئۇخلاپتىمەنغۇ» دەپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. بېشىدا ئۆزىنى يەل- پۈپ ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆرۈپ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئۇ ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ ئەر- خوتۇن بولۇپ كېتىپتۇ...

بىر ھەپتە ئۈچ كۈندىن كېيىن قىز ئويغىنىپ ھۇجرىغا كىرىپ، يىگىت بىلەن ئايالنىڭ ئاللىبۇرۇن بىر ياستۇققا باش قويۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «ئاھ ! ھەممە دەرد - ئەلەم ماڭىلا كېلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.



شۇنىڭدىن ئې- تىبارەن يى- گىت بىلەن ئايال خوجا- يىن، قىز غالچا بولۇپ ياشاپتۇ. ئايال قىزنى خورلاپ، تىللاپ يوگور - يې- تىم ئىشلارغا تىنىم تاپتۇر-

ماي ماڭدۇرۇپ، «ئۇھ» دېگۈچىلىك ھالىنى قويماپتۇ. قىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، غىڭ قىلماي ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋېرىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىگىت يىراق بىر شەھەرگە سودىغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ. ئايال بۇنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ ئۆيدىكى بايلىق، زىبۇزىننەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىغا قانائەتلەنمەي، يىگىتكە يەنە نۇرغۇنلىغان مال ـ دۇنيا، زىبۇزىننەت ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. قىزغا بولسا پالانى نەرسىنى ئالغاچ كەلگىن دېيىشنى ھېچبىر يادىغا كەلتۈرمەپتۇ.

بۇ ھالىنى كۆرۈپ قىز ۋاپاغا جاپا دېگەن مۇشۇ ئوخ-شايدۇ، دەپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغاندا، يىگىت:

ــ ساڭا نېمە ئالغاچ كېلىمەن؟ ــ دەپ سوراپ قاپتۇ.

ــ خوش، تەقسىر، مېنىڭ ھەممە نەرسەم تولۇق، ــ قىز بىرئاز تىترەپ، ــ مۇمكىن بولسا بىر سەنگۇسۇلا تاش ئالغاچ كەلسىلە، ــ دەپتۇ. يىگىت ماقۇللۇقىنى بىل-دۈرۈپ، سودىسىغا مېڭىپتۇ.

يىگىت سودا قىلىدىغان شەھەرگە يېتىپ بېرىپ بىر ھەپتە ئۈچ كۈن ئايلىنىپ ھەممە سودىسىنى قىلىپ بو-لۇپ، يەنىلا بىرەر نەرسىسى كەم قالغاندەك ھېس قىپتۇ، ئاخىر قىزغا ئالىدىغان مالنى تېخى ئالمىغانلىقىنى بى-لىپ، سەنگۇسۇلا تاشنى ئىزدەپ شەھەردىكى ھەممە بازارلارنى ئارىلاپمۇ تاپالماي ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كې-تىپ بارسا، بىر دۇكان ئۇچراپتۇ. يىگىت مۇشۇ دۇكانغا

كىرىپ باقاي، قىزنىڭ مېلى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئە-
مەس، دەپ ئويلاپ دۇكانغا كىرىپتۇ. دۇكان خوجايىنى:
— كەلسىلە، يىگىت، نېمە ئالىسىلىكىن؟ — دەپ
سوراپتۇ.
— مەن ئالىدىغان نەرسىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپ-
تۇ يىگىت.
— مېنىڭ بۇ دۇكىنىمدىن شەھەردە تېپىلمىغان
نەرسىلەر تېپىلىدۇ، ھەتتا سەنگۇسۇلا تاشمۇ بار، — دەپتۇ
دۇكان خوجايىنى يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋابەن. سەنگۇسۇلا
تاشنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان يىگىت ناھايىتى خۇش بولۇپ:
— ئۇنداق بولسا سەنگۇسۇلا تاشتىن بىرنى بېرىڭ، —
دەپتۇ. دۇكان خوجايىنى سەنگۇسۇلا تاشنى يىگىتكە ئېلىپ
بېرىپ:
— بۇ تاشنى دەرد - پىراقى ھەددىدىن ئېشىپ كەت-
كەن ئادەم ئىشلىتىدۇ. دىققەت قىلىڭ! — دەپ مىڭ
تىللاغا بېرىپتۇ.
يىگىت سودىسىنى تۈگىتىپ، ئۆز سارىيىغا قايتىپ
كەپتۇ. ئايال يىگىتنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىنى كۆرۈپ يىگىت
بىلەن كارى بولماي، ماللارغا قاراپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ
كېتىپتۇ. قىز بولسا يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقماپتۇ، يىگىت
چاقىرىپ:
— مانا، سەنگۇسۇلا تاش، ئېلىۋالغىن، — دەپ سەن-
گۇسۇلا تاشنى بېرىپتۇ. قىز تاشنى يىگىتنىڭ قولىدىن

ئېلىنىۋېتىپ، يىگىتكە قاراپ ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويۇپ ئۆيـ
دىن چىقىپ كېتىپتۇ. قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يىـ
گىتنىڭ خىيالىغا سەنگۇسۇلا تاشنى ساتقان دۇكان خوجاـ
يىنىنىڭ ئېيتقانلىرى يادىغا كېلىپ، قىزغا بۇ سۆزلەرنى
ئېيتىپ قويماقچى بولۇپ سارايىنى بىر ئىزدەپ چىقىپتۇ،
قىز تېپىلماپتۇ. يىگىتنىڭ قەلبىنى قورقۇنچ قاپلاپ،
كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپتۇ. قىزنى ئىزدەپ چىقىپ
سارايىنىڭ كەينىگە قارىغۇدەك بولسا، قىز قولىدىكى تاشقا
قاراپ زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتـ
قۇدەك: «سەنگۇسۇلا تاش، مېنىڭ دەردىمگە يەتسەڭچۇ، مېنى
ئۆز قوينۇڭغا ئالساڭچۇ!» دەپ ئۈچ نۆۋەت تەكرارلاپ
سەنگۇسۇلا تاشنى ئالدىدىكى يوغان قارا تاشقا ئۇرغانىكەن،
شۇ زامات گۈلدۈر ـ غاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ غەزەپ
بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا ھاسىل بولۇپ،
تۆۋەنگە قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن يىگىت
قورقىنىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېـ
لىپ، قىزنى سۇغا سەكرەتمەپتۇ ۋە:
— نېمە دەردىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن! — دەپ
قىزدىن ئەھۋال سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز كىچىكىدىن
تارتىپ تاكى شۇ كەمگىچە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرـ
گۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ كېلىپ:
— قىرىق كۈن يەلپۈگەن غالچا بولدى، بىر كۈن
يەلپۈگەن ئاغىچا بولدى، — دەپ سۆزنى تۈگىتىپتۇ. يىـ

گىت قىزنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى بىلىپ، ھېلىقى ۋاپاسىز ئايالنى چېچىدىن قېچىرنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىپ ئورۇلغان تەپچە ئېگىزىغا قويۇپ بېرىپتۇ. قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، بەختلىك كۈن كەچۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئىچىگە: «بىر كۈن يەلپۈگەن ئاغىچا بوپتۇ، قىرىق كۈن يەلپۈگەن غالچا بوپتۇ» دېگەن سۆز تارقىلىپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4Njkuemlw",
"filename_decoded": "40209869.zip",
"filesize": 35240135,
"md5": "927d9f43e0c29cbc1b6393afa16661d4",
"header_md5": "d4de88e993dc1065359d097f9dfe4592",
"sha1": "853101d6a02377d7aa86bdc2f55dedb850665577",
"sha256": "938d13a1c16089ae318c43f0832fa028edb51624deda54ba49017e8c78ffd5c7",
"crc32": 3213393361,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 35608151,
"pdg_dir_name": "\u2568\u2588\u2562\u2219 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209869",
"pdg_main_pages_found": 77,
"pdg_main_pages_max": 77,
"total_pages": 86,
"total_pixels": 337152078,
"pdf_generation_missing_pages": false
}